

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى

(تاللانغان بالىلار سۆز ئويۇنلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىجان تۇرغۇن

## ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك گە:

دىن تەقدىم



-يىلى -ئاينىڭ -كۈنى






# ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى

(تاللانغان بالىلار سۆز ئويۇنلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن

قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى

(تاللانغان بالىلار سۆز ئويۇنلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830026

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16

باسما تاۋىقى: 117.75

نەشرى: 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2015 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3

ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# تېز ئېيتىشماقلار



## — دۇدۇقلىماي تېز ئوقۇڭ!

قاشقا ئات باشقا ئاتقا يەتمەيدۇ،
باشقا ئات قاشقا ئاتقا يەتمەيدۇ.

* * *

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت تەكچە،
تۆتىلىسى ئاق تەكچە.
باشتىكى تەكچە تاق تەكچە،
چەتتىكى تەكچە چاك تەكچە.

* * *

مەن ھەدەم بىلەن ئۈن تاسقاشماق-
چىدىم، ئۈن تاسقاشسىمۇ تاسقىشىمەن،
تاسقاشمىسىمۇ تاسقىشىمەن.

* * *

كىشى مېنى كىشى دېدى كىشىنى
مەن كىشى دېدىم،
كىشى مېنى كىشى دېمىسە كىشى بى-
لەن نېمە ئىشىم.

* * *

ئالىسى كۆپ قارا مۈشۈك كەپ سالماس.
قارىسى كۆپ ئالا مۈشۈك سەپسالماس.

* * *

بىز ئىچكەن سۇ مۇشۇ سۇ شۇ.

* * *

كالا گۆشىگە چوغ چاپلاشماسمىش.

* * *

تام تۆپىسىدە تۆت تورغاي يورغى-
لىيالماسمىش.

* * *

ئۆمۈچۈك يىپەك يىپتىن ئىنچىكە
ئۈۋا توقۇدى.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

قابىل قىزىل سەۋزىنى قىرغۇچتا قىردى.

* * *

ئاقىل ئاق قەغەزدىن ئاق غاز ياسىدى.

* * *

تۇرغۇن تەپكەن توپ دەرۋازىغا تەگدى،
تۇرسۇن تەپكەن توپ دەرۋازىغا تەگدى.

* * *

قارغا قارلىغاچنى قوغلىدى،
قارلىغاچ قارىياغاچقا قوندى.

* * *

سەنۇبەر سۇپىنى سۇپۇرگىدە سۇ-
پۇردى.

* * *

بۆدۈنىلەر بۆدۈنىزاردا سايراۋېرىپ،
بەردى باينى بىزار قىلدى.

* * *

قىشتا كىشمىش پىشماسمىش،
پىشسا كىشمىش قىش ئەمەسمىش.

* * *

گۈلى گۈللۈك گىلەمنى يۇدىمۇ،
گۈللۈك گىلەمنى گۈلى يۇدىمۇ؟

* * *

ئاق چەينەككە كۆك چاي قوي،
كۆك چەينەككە ئاق چاي قوي.

* * *

ياسىن يازدا يەرمەتكە ياردەم بەردى.

* * *

سالىھ سەنەمنى ساھىلغا سۆردى.

* * *

كەرىم كەرىمەنى كىچىگىچە كۈتتى،
كەرىمە كەلگەندە كايىپ كەتتى.

* * *

قۇياش قۇمنى قىزدۇردى،
قۇم قۇيۇننى كۆيدۈردى.

* * *

ھەسەل ھەرە ھەسەل ئەتراپىدا
ئايلاندى.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

*　*　*

ئەھمەت ئاكا رەھمەت ئاكىنى كۆردى.

*　*　*

ئەلى، ۋەلى، غىنى، سەفى، سەئىد قېنى؟

*　*　*

ئەسەت ئىبسىل ھەسەل ساقلايدۇ.

*　*　*

بىز ئانام بىلەن ئۈن تاسقىماقچىدۇق، تاسقىمساقمۇ تاسقىماقچىدۇق.

*　*　*

بىئەقىل بۆدۆنە بۆدۆنىزاردا بىدار بولدى.

*　*　*

بىر جۈپ چۆپ كۆپمۇ، قوش جۈپ چۆپ كۆپمۇ؟

*　*　*

بىر تۆپ تېرەك، بىر تۆپ تېرەكنىڭ تېگىدە بىر تۆپ تۇرۇپ. بىر تۆپ تۇرۇپنىڭ يىلتىزى بىر تۆپ تۇرۇپنىڭ يىلتىزىنى تۇرتۇپ تۇرۇپتۇ، بىر تۆپ تۇرۇپنىڭ يىلتىزى بىر تۆپ تېرەكنىڭ يىلتىزىنى تۇرتۇپ تۇرۇپتۇ.

*　*　*

باقى باغقا، ساقى تاغقا باردى.

*　*　*

باقى باتۇر بىر باغ باقار.

*　*　*

باقى قۇرۇتقان قاق قوغۇننىڭ قۇرۇقى قېنى.

*　*　*

بۇ بۆرە بىر بۆز بۆرە ئەمەس، بەش بۆرە.

*　*　*

بۇلتۇرقى بۈركۈتنى بۈگۈن بۈگۈردە كۆردۈم.

*　*　*

چىمەنگۈل چېلەكنى چوڭ كۆلگە چۆكۈردى.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

چويلا سىمىدىن، چۆگۈن تۇچتىن.

* * *

كەكلىك كەپتەر چوقۇمىسا، كەپتەر كەكلىكنى چوقۇمايدۇ.

* * *

ئىشىك ئالدىدا بۇلاق، بۇلاقتىن سۇ ئىچەر ئۇلاغ، ئۇلاغدىن ئۇزۇن قۇلاق.

* * *

غېنى غالتەكنى غۇيۇلدىتىپ غىلدىرلاتتى، غالتەكنى غېنى غىلدىرلىتىپ غۇيۇلداتتى.

* * *

قۇشقاچ قوناقنى چوقۇلىدى،
قۇربان قۇلاقنى كوچىلىدى.

* * *

گۈلنارە گۈلمىرەنىڭ سىڭلىسىمۇ، گۈلمىرە گۈلنارەنىڭ سىڭلىسىمۇ؟

* * *

گۈلسارە گۈل سەيلەپ، گۈل سانىدى.

* * *

كالا گۆشىگە چوغ چاپلاشماسمىش، چاپلاشسىمۇ پىشماسمىش.

* * *

ھېلىلە ھىل - ھىل پىشتى.

* * *

ھەلىمە ھەممىسىنى ھەزىم قىلدى.

* * *

ئىككى ئېيىق قېيىققا قارىدى، ئاق ئېيىق ئالدىن قارىدىمۇ، قارا ئېيىق ئالدىن قارىدىمۇ؟

* * *

جەمىلە جىگدىنى جايىغا جايلىدى.

* * *

جەمىلە جەۋلان بىلەن جانجىگەر، جەۋلان جەمىلە بىلەن جان جىگەر.

# قىزقارلىق باللار سۆز ئويۇنلرى

*　*　*

كامل، كامال كاككۇك كۆردى.

*　*　*

لاله ئاربلايدۇ، ساره ماربلايدۇ.

*　*　*

مەۋلۇده هويلدا هاسراپ تۇرۇپتۇ.

*　*　*

مېتالچى مۇتەللىپ مېتال دېتال يا-
سدى.

*　*　*

ماشتن تاش، تاشتن ماش بولماس.

*　*　*

نيـاز پيياز ئـاقلدى، ئـەياز پيياز
چاندى. پيياز نيازنىڭ كۆزىنى ئېچش-
تۇردمۇ، ئەيازنىڭ كۆزنىمۇ؟

*　*　*

نادر ناۋايخانىدىكى ناۋايدىن نان
ئالدى.

*　*　*

نان ياسىشىمىزمۇ، شال سانىشىمىزمۇ؟

*　*　*

نۇرباي نـاۋاي نان ياقار، نـېننى
ناۋات دەپ ساتار.

*　*　*

ئۆتكۈر ئۆتكەن كۈنكى ئورۇندۇق-
تا ئولتۇردى.

*　*　*

ئالما شېخىدا ئالمخان، ئالمخاننى
ئالما ئالمخان.

*　*　*

ئالتۇن ئوتلاق — ئاق ئوتلاق.

*　*　*

ئاق تاش ئاقمۇ، قارا تاش ئاقمۇ؟

*　*　*

ئاقىل ئاق ئالما ئالدى، ئاق ئالم-
نى ئاقىل ئالدى.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

قەشقەر پاشىسى پەس پاشا.

* * *

ئاسماندا ئىككى لەيلەك، بىرىنىڭ ئاق قۇيرۇقى كالتە لەيلەك، بىرىنىڭ قارا قۇيرۇقى كالتە لەيلەك. ئاق قۇيرۇقى كالتە لەيلەك قارا قۇيرۇقى كالتە لەيلەككە ھالاقت بېرىدۇ، قارا قۇيرۇقى كالتە لەيلەك ئاق قۇيرۇقى كالتە لەيلەككە ھالاقت بېرىدۇ.

* * *

ئۇۋچى ئوتلاقتا ئوۋ ئوۋلىدى.

* * *

قۇرۇق گەپنى زەپ گەپ دەپتۇ،
بىزگە بىرەر نەق نەپ دەپتۇ.

* * *

ئەر تەر بەرسە،
يەر زەر بېرەر.

* * *

ئۈچ ئۇچقۇچ ئۇچتى،
ئۈچ ئۇچقۇچ ئۇچتى.

* * *

تەشتەككە تەنتەك تېگىپتۇ،
تەنتەككە تەشتەك تېگىپتۇ.

* * *

ھەق گەپ — نەق گەپ،
تەرىپلىسەك زەپ گەپ.

* * *

قۇملۇققا سۇ ئاقماسمىش،
كۈن شەرققە پاتماسمىش،
تۈن بولماي كۈن ياتماسمىش.

* * *

كوكات كۆكتاتلىقتا بولىدۇ،
كۆكتاتلىقتا كوكات بولىدۇ.

* * *

گۆشنى گۈرۈچكە ئالماشتۇردى،
گۈرۈچكە گۆشنى ئالماشتۇردى.

* * *

كاككۇك «كاككۇك» دېگەچكە كاككۇك،
«كاككۇك» دېمىسە ئۇ قانداق كاككۇك.

# قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ئېگىز – پەستە يۈرمەك تەس،
ئېگىزدىن پەسنى كۆرمەك تەس.

* * *

قارلىغاچ قارا – ئالا بولدۇ،
قاغىلار قارا – ئالا بولدۇ.
قاغىلار قارا ئالا بولدۇ،
قارلىغاچ قارا – ئالا بولدۇ.

* * *

تارازىسى توغرا ئەمەسنى كىم ئوغ-
رى ئەمەس دەپتۇ.

* * *

گەپ ئاڭلىماس نەپ ئالماس.

* * *

ئاق قۇش خۇش قۇش،
خۇش قۇش ئاق قۇش.

* * *

كۆپ كۆچەپ، كۆپكۆك كۆچەت
تىكتۇق.

* * *

خىش لايغا قىشتا يېپىشماسمىش.

* * *

قۇرغۇيۇڭ قۇرغۇر قۇرتنى قۇرۇتتى.

* * *

ھارپىدا ئاتقا ئارپا ئالدىم.

* * *

قۇۋ قۇش — ھۇۋقۇش،
ھۇۋقۇش — قۇۋ قۇش.

* * *

ھەي تەنتەك، دەڭ دەپ
تۇرۇۋالدىڭ سەن «سىز»دەڭ دەپ،
دېسەم دەي «يەر كەڭ» دەپ،
بويىمىز تەپتەڭ دەپ،
چېلىشساڭ قالسەن «ھەتتەڭ» دەپ.

* * *

تۇرۇسەن «يەڭسەم» دەپ، دەڭسەپ،
تۇرۇسەن «يەڭسەم» دەپ، دەڭسەپ.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

بىلىم ئالمىغان ياش باشتىن.
بىلىم ئالغان قاقباش ياخشى.

* * *

يۈسۈپ ئۈستى - ئۈستىلەپ،
ئۆيگە ئۈچ قېتىم ئۈسۈپ كىردى.

* * *

يان يەر يەر ئەمەس،
تادان ئەر ئەر ئەمەس.

* * *

ئاچ كۆز يەپ تويماس،
ئەخمەق دەپ تويماس.

* * *

ئاقىول بولساڭ، پاك قول بولغايسەن،
پاك قول بولساڭ ئاقىول بولغايسەن.

* * *

ئېپىنى تاپماس، بۇرنىغا يىپ سال-
سام تارتماس.

* * *

چاقچاق ئەخمەقكە ياقمايدۇ،
ئەخمەقكە چاقچاق ياقمايدۇ.

* * *

يالىڭاچ يالاڭباشتاقا كۈلۈپتۇ،
يالاڭباشتاق يالىڭاچقا كۈلۈپتۇ.

* * *

گاچا ئاچا شاخقا چىقىپتۇ،
ئاچا شاخقا گاچا چىقىپتۇ.

* * *

ئۈچ قىز
ئۈچ قۇش
ئۈچ ئۈچقۈچ بىلەن ئۈچتى.

* * *

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە يەر خار بولماس.

* * *

سۈيى ئاز تۈك چوڭمۇ،
سۈيى جىق تۈك چوڭمۇ؟

* * *

ئۈچ ئۈچقۈچ بىزنى ئۈچ قىش قىستى.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

تۆت تال تورتنى تۆتىمىز تاللىدۇق.

* * *

ئەل ئۈمىدىنى ئەل ئاقلار.

* * *

گېپى گەپكە ئوخشىمايدۇ،
گەپ بار يەردىن شوخشىمايدۇ.

* * *

تالاشقانغا ئاش ئاشىماس،
سۇ تاشسىمۇ تاش تاشىماس.

* * *

…… تىرىك قېلىپ،
تېرىق تېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ يۈردى.
تېرىق تېرىپ،
تىرىك قېلىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ يۈردى.

* * *

سۇدا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ يۈرمىگۈچە،
بىلىقچىلىق قىلىپ بولمايدۇ.

* * *

ھەل قىلالماي ھېچبىر ئىش سەن،
يۈرۈۋەردىڭ ياز، كۈز، قىش سەن.

* * *

ئاڭلىدىڭمۇ، ھەي تايچاق،
كەلدى باھار— ماي تايچاق.

* * *

يىپ ئەشسە بەش كىشى،
يېنىكلىشەرمىش ئىشى.

* * *

تاش كۆك، ئاش كۆپ.
ئاش كۆپ، تاش كۆپ.

* * *

ئالمىساڭ ئالا ئاقباش بايتالنى،
ئالارسەن قارا ـ ئالا ياش بايتالنى.

* * *

داپىنى ئوتقا قاقلاپ ئال،
قاپىنى داپقا قاپلاپ ئال.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

بالىلىق بالدەك تاتلىق،
بال بالىلىقتەك تاتلىق.

* * *

مەن تۆت تورت ئالدىم،
سەن ئون تۆت تورت ئالدىڭ.

* * *

ئاپام بىر كاپام ئاش يېدىمۇ ئۇكام،
ئاكام بىر كاپام كەم ئاش يېدىمۇ ئۇكام؟

* * *

باشقا ئات قاشقا ئاتقا يەتمەيدۇ،
قاشقا ئاتقا باشقا ئات يەتمەيدۇ.

* * *

چۆپ كۆپ يەر كۆپكۆك،
كۆپكۆك يەردە چۆپ كۆپ.

* * *

گۈلگە باي ئاي ماي ئايغۇ.

* * *

تۆت تۆرك بىلەك تۆرۈپ
تۈرغۈزدى تۆت تۆۋرۈك.

* * *

تەسكەيدە تۇرۇش تەس كەلدى،
تەسكەيدىن تەلئەت تەستە كەلدى.

* * *

تېتىكلىكىدىن كۆچەتنى تىك تىكتى.

* * *

بۇ بۇرھان قۇرغان قورغانمۇ؟
تۇرغان قۇرغان قورغانمۇ؟

* * *

ئاخشام ئاق شامنى ياقتىم،
ئاق شامنى ئاخشام ياقتىم.

* * *

مىشكاپ ـ قاپ ئالدىم،
قاپ ـ قاپ قاق ئالدىم.

* * *

ئاينىسا ئايدىڭدا ئاسمانغا ئالاڭلىدى.

# قىزقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ئەنە قارا، قېلىن قارغا قارا قارغا قىڭغىر قوندى.

* * *

قىرغاۋۇل قىرغاقتا ئەمەس، قولۋاقتا.

* * *

قىشتا قېتىق قاتتىق قېتىپ قاپتۇ.

* * *

قوڭغۇراق قوتاندىكى قوزىچاقنىڭكىمۇ، قۇچاقتىكى قورچاقنىڭكىمۇ؟

* * *

قادىر قىشتا قارنى قىزغاندى.

* * *

قارا قۇمچاق كۈركىرايدۇ، قارا قاغا كاركىرايدۇ.

* * *

قۇرۇلۇشتا بۇرۇلۇش، بۇرۇلۇشتا قۇرۇلۇش.

* * *

ساۋەن سېيىدا سېسىغان سەۋزىنى ساتقان سودىگەرگە سەككىز مىڭ سەككىز يۈز سەكسەن سەككىز سوم سېلىق سېلىنسۇن.

* * *

سەنئەت سارىيى — سارايلارنىڭ سارىيى.

* * *

سەييارە سەۋزىنى سېۋەتكە سالدى.

* * *

سەييارە سېۋىتىگە سىيادىنە سالدىمۇ؟

* * *

ئاقسۇلۇق ئالىم قارىي ئالمۇتىغا ئالدىرىدى.

* * *

شايارلىق شاكىرجاننىڭ شور شاللىقى شامىلىنىڭ شور شاللىقىدىنمۇ شور.

* * *

مۇشۇ مۆشۈك شۇم مۆشۈك، شۇم مۆشۈك مۇشۇ مۆشۈك.

* * *

سادەت سائەتنى سائەتسازغا سازلاتتى.

* * *

سىتىۋالدى بىسىۋالدى قوغۇن سىتىۋالدى.

* * *

سوغۇقتا توخۇغا تاۋاقتا قوناق چاقتىم.

* * *

تۆمۈرچى تۆمۈرنى تاپتىمۇ، تۆمۈر تۆمۈرچىنى تاپتىمۇ؟

* * *

تىز ئېيتىشنى تىز ـ تىز ئېيت.

* * *

تۇرغۇن تۇرۇپنى توردا توپلىدى.

* * *

توختى تۇتقان تۇتى توردا تۇرۇپتۇ.

* * *

تاغىنىڭ تۆۋىدە تۇرسۇنىنىڭ تۆت تىراكتورى تۆتەك تارقىتىپ تۇرۇپتۇ.

* * *

تاھىر تۇرغۇنىنىڭ تونىدىن تارتتىمۇ، تاھىرنىڭ تونىدىن تۇرغۇن تارتتىمۇ؟

* * *

تاھىرنىڭ تاجىلىق خورىزى تاز خورازنىڭ تىگىدە.

* * *

تالىپ تونۇر تىگىدىن تەڭگە تاپتى.

* * *

تالىپ تەگىرىتىغىدىن تۆت تۆلكە تۇتتى.

* * *

تالىپ تۇرۇپنى تارازىدا تارتىپ تاپشۇردى.

* * *

تاش جانسىزمۇ، ماش تاشسىزمۇ؟

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

غاپپارنىڭ تاغىرى تاغ باغرىدا تۇرۇپتۇ.

* * *

تاشپولات تاغام تاغدا بۇغا ئوۋلىدى.

* * *

تەگسىز دېڭىز دېدىڭىزمۇ، دېڭىز تەگسىز دېدىڭىزمۇ؟

* * *

يولدا يولداشقا يولۋاس يولۇقتى.

* * *

يۈگۈرۈك سالما يۇلغۇندىن يۇلغۇنغا يۇملاپ ـ يۇملاپ يۈگۈردى.

* * *

يۇرۇڭقاشتا قاشتاش تاسقاش باشلاندى.

* * *

ئەر مالاي، ئايال مالاي.

* * *

ئاق كەپتەر، ئاپپاق كەپتەر،
كۆك كەپتەر، كۆپكۆك كەپتەر.

* * *

ئاق كالىمۇ كالا، قارا كالىمۇ كالا.

* * *

مەن موللام بىلەن چىغ توقۇشماقچىدىم،
چىغ توقۇشمىساممۇ چىغ توقۇشماقچىدىم.

* * *

بەجىندىن چىققان ئاق مەخمەل پايپاق.

* * *

ئىككى كىچىك كېچىك كەچتىم،
ئۈچ كىچىك كېچىك كەچتىم.
نەچچە كىچىك كېچىك كەچتىم؟

# قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

*　*　*

ئاق ئاتتىن ئاق هاك ئاقمۇ،
ئاق هاكتىن ئاق ئات ئاقمۇ؟

*　*　*

تەمسىلسىز سۆز، تەمسىز سۆز،
تەمسىز سۆز، تەمسىلسىز سۆز.

*　*　*

تۇردۇڭمۇ ۋەدەڭدە، هەدە،
تۇرمساڭ ۋەدەڭ نەدە؟

*　*　*

كۆپ قارا قاغا
كۆك قاغا بىلەن ئويناپدۇ.
كۆك قاغا
كۆپ قارا قاغا بىلەن ئويناپدۇ.

*　*　*

بولۇپ توپ،
ئويندۇق ئۇرۇپ توپ.

*　*　*

سايغا قايسى ئايدا بارسەن؟
قايسى ئايدا سايغا بارسەن؟

*　*　*

بۇزۇشتىن قۇرۇش تەس،
يىقلىشتىن تۇرۇش تەس.

*　*　*

كۆككە باقما، كۆپكە باق.

*　*　*

بەش دېيىش تەسمۇ،
پەش دېيىش تەسمۇ.

*　*　*

قاغا قۇۋ قۇش.

*　*　*

بېخلدىن ئاش ئاشماس،
سېخىيدىن قاياش قاچماس.

*　*　*

هەش ـ پەش دېگۈچە ئەشمەك تەس،
سۇ دېگەننى كەچمەك تەس.

# قىزنقارلىق ئىزاھلار



## شەيتان لۇغەت

* * *

دوختۇر — ئەزرائىل ئەڭ نەپرەت بىلەن قارايدىغان ئادەم.

* * *

رېتسېپ — دورا ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ئەمما باھاسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان قەغەز.

* * *

ئۆچۈرگۈچ — خاتالىقنى تۈگىتىپ بولالماي ئاخىرى ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە.

* * *

مۇئەللىم — ئىمتىھان ۋاقتىدا تۆت ئەتراپىغا قارىيالايدىغان بىردىنبىر كىشى.

* * *

يول قويۇش — يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەندە، ئۆزىنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك چارە.

* * *

مۇنبەر — ئىقتىدارسىز باشلىقنىڭ ئەيىبى ئېچىلىدىغان سەھنە.

* * *

خىمىيەلىك ئوغۇت — مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئۆمۈرنى قىسقارتىدىغان دورا.

* * *

گال — ئىنساننى سۇغۇرۇۋالسا، مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان كامار.

* * *

مۇسابىقە مەيدانى — باتۇرلۇق،

## قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

چەبدەسلىك، گۈرۇھۋازلىق، يۇرتۋاز-
لىق، چىدىماسلىق توپلاشقان جاي.

* * *

تاماكا چېكىش — ئۆپكە، كانايلار-
غا كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن سېلىنغان
ئىسرىق.

* * *

دوسكا ئۆچۈرۈش — ئۇن خالتى-
سىغا مىلىنىش.

* * *

تازىلىق قىلىش — ئاقارتىش ھە-
رىكىتى

* * *

سىنىپ يىغىنى — سوت مەيدانى.

* * *

بايلىق — بار-يوقىدا ئوخشاشلا
ئادەمنى غەمگە سالىدىغان نەرسە.

* * *

مۇخبىر — بىكار قالسا ئۆزىدىنمۇ
سوئال سورىغۇسى كېلىدىغان ئادەم.

* * *

شوپۇر — يول بىلىسمۇ باشقىلار-
دىن يول سورىغۇسى كېلىدىغان ئادەم.

* * *

دېھقان — كەسپسىز خىزمەتچى.

* * *

يانفون — ھازىرقى زامان كىشى-
لىرىنى شەرەپ ھېس قىلدۇرىدىغان بىر
خىل ئىلغار ئەسۋاب. ئۇ سىنى ھەر قاندا-
داق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەردە يالغان
ئېيتقۇزىدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ سىنى پا-
راكەندە قىلىدىغان ۋاقىتنى سەككىز سا-
ئەتتىن16 سائەت، ھەتتا 24 سائەتكە
ئۇزارتىدۇ .

* * *

سۈكۈت — ئاغدۇرۇۋېتىش ئەڭ
قىيىن بولغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەر.
گومۇشلار ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەقىل -
پاراستىنى نامايان قىلىدۇ. خوتۇندىن
زەربە يېگەن ئەر ئۇ ئارقىلىق ئۆز چى-
داملىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش — ئۇزۇن-دىن - ئۇزۇن ياشاش، ئۇزۇن بولغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك ئۇزۇن ياشاش دېمەكتۇر .

* * *

يېيىش — تېگى يوق هاڭغا قە-رەللىك هالدا يېمەكلىك تاشلاپ تۇرۇ-دىغان زېرىكىشلىك جەريان. ئۇ كىشى-لىك هاياتنى جەبىر -جاپا ۋە مەنىسىز-لىككە تولدۇرغان.

* * *

ئىسىم — پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان، لېكىن باشقىلار ئەڭ كۆپ ئىش-لىتىدىغان نەرسە.

* * *

نامرات — پۇل بىلەن چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچەكىشىپ كەتكەن ئادەم.

* * *

ئۇلۇغ ئادەم — ناچار ئىللەتلىرى باشقىلارغا ئاشكارىلانمىغان، كىشىلەر ھە-ۋەس قىلىدىغان ئادەم. كونىلار شۇنداق دېگەن: مالايىنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ ئادەم يوق، ئۇنىڭ هازىرقى زامان ۋارىيانتى خوتۇنىنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ ئادەم يوق.

* * *

ئاچ كۆز — داستىخاننى پاك - پاكىز قۇرۇقداپ بولۇپ ، يالغان چىشى-نى غاجايدىغان ئادەم .

* * *

بايراق — مۇئەللەقتە ئېسىپ قو-يۇلغان بىر پارچە رەخت، ئۇ شامالغا بېقىپ لەپىلدەپ تۇرىدۇ .

* * *

پالچى — باشقىلارنىڭ ئەندىشى-سىدىن پايدىلىنىشقا ماهىر ئادەم .

* * *

دوست — سىزگە ئوخشاش كەم-چىلىكى بار ئادەم .

* * *

زۇكام — رۇخسەت سوراشتىكى بىر خىل سەۋەب .

# قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ساقال — ئەرلەرنىڭ زىنىتى ھەم قېلىن يۈزىنى ئاغرىتماي تېشىپ چىقالايدىغان بىردىنبىر نەرسە.

* * *

ساۋاقداش — ئىمتىھان ۋاقتىدىكى جانجىگەر قېرىنداشلار .

* * *

شامال — يازدا تىلەيدىغان، قىشتا بىزار بولىدىغان نەرسە. دولقۇننىڭ ئانىسى . ئوتنىڭ ھەدىسى .

* * *

«كەچۈرۈك» دېيىش — يەنە بىر قېتىم خاپا قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان پىسخىك تەييارلىق .

* * *

تاپانچا — قوغۇشۇن زەھىرى بار ئوكۇل .

* * *

پۇل خەجلەش — پۇلى قانچە كۆپ كىشى پۇلنى شۇنچە قىسىپ ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر پۇلنى ئاغزىغا ، ئاياللار ئۈستىبېشىغا ئىشلىتىدۇ.

* * *

يوپكا — پۇشقىقى يوق ئىشتان .

* * *

غاڭزا — بەگلەرنىڭ ئېمىزگۈسى.

* * *

پارا — كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سىلىقلاشتۇرۇش مېيى، يۇقىرى مائاشلىقلارنىڭ تۇراقلىق كىرىم مەنبەسى.

* * *

باي — نامراتلىقتىن پۇلىلا قالغان ئادەم.

* * *

بوۋاق — كېچىدە جىددىي سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى.

* * *

پۇتبولچى — توپنى ئۆزى تېپىپ ئۆزى قوغلايدىغان ساراڭ.

# قزقارلق باللار سۆز ئويۇنلرى

* * *

سەيپۇڭ ــ ئۆزى كېسىپ ئۆزى تىكىدىغان ئەخمەق.

* * *

تېلېفون ــ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزى سېتىۋالىدىغان ئالاقىلىشىش قورالى.

* * *

ئاشپەز ــ قازاننىڭ غوجايىنى، خېرىدارنىڭ چاكىرى.

* * *

چىراي ــ ئادەمنىڭ ئاسمىنى، ئۇ- نىڭدىن ئادەمنىڭ رايىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

* * *

قۇلاق ــ ئادەمگە خۇشاللىقتىن كۆپ- رەك بىئاراملىق كەلتۈرىدىغان ئىشپىيون.

* * *

قول ــ ئادەمنىڭ ئەڭ مەينەت ما- لىيى.

* * *

ئېغىز ــ گەپ ئەخلەتخانىسى.

* * *

ئۆپكە ــ تاماكىنىڭ جەننىتى.

* * *

چىش ــ رەھىمسىز جاھانگىر.

* * *

قان ــ ئىنسانلار ئەڭ ۋەھشىيلىك بىلەن يىغقان ئېنېرگىيە بايلىقى.

* * *

مېڭە ــ ئىشلىسە تەگدىشى يوق، ئىشلىمىسە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان بىر پىيالە قېتىق.

* * *

تىل ــ ئادەملەرنى بالاغا تىقىدىغان ئورگان.

* * *

چاچ ــ باشنى قاپاقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

پۇت — ئادەمنىڭ قاتناش قورالى.

* * *

كۆز — گاھى ئادەملەر ئۈچۈن بىر دۇربۇن، گاھى ئادەملەر ئۈچۈن بىر كامار.

* * *

ياش — ئايااللار قىيىن ئەھۋالدا ئىشلىتىدىغان ئەگكۈشتەر.

* * *

ياشلىق — ئۆمۈر قوشۇنىنىڭ يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان رومانتىك «گېنېرال» ى.

* * *

ئەينەك — مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىللەت، ئەيىبنى قورقماستىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان «سادىق دوست».

* * *

تەنھەرىكەت - ئەڭ ياخشى خالىس دوختۇر.

* * *

بەخت — ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىسىم قويۇۋالىدىغان ئىگىسىز بوۋاق.

* * *

مۇھەببەت — ئەڭ شېرىن ۋەسۋەسە.

* * *

ئەخلاق — ياۋا تەبىئەتنى قورشاپ تۇرىدىغان ئىستىھكام، چەكتىن ئاشقان ھېسسىياتنى كونترول قىلىدىغان قورال.

* * *

يازغۇچى — ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدىرايدىغان، ئەمما ئۆزى ئەمەل قىلالمايدىغان ئىنسان.

* * *

بالكون — ھاۋايى مۇئەللەق تەخسىسى.

* * *

دەرەخ — بۇلغىنىشقا قارشى تۇرغۇچى زەبەردەس پالۋان.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

بانكا — پۇلنى مەخسۇس ساقلايدىغان ئىشكاپ ، ئىھتىياج چۈشكەندە تەلەتى سەت كۈتكۈچى.

* * *

تاكسى — يولنى قىسقارتىشقا ئۈنۈملۈك، پۇلنى بۇزۇشقا ئەپلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئۇسۇل.

* * *

نىكاھ — بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆزىنى تاپشۇرىدىغان تارىخىي ئەنئەنە .

* * *

ماختاش — جايىدا قوللىنىلسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان، ئورۇنسىز بولۇپ قالسا ئەكس تەسىر قوزغايدىغان تۇراقسىز سۈپەت.

* * *

چاچ — ئاقارغاندا قارا بويىلىدىغان، قارا ۋاقتىدا قىزىل بويىلىدىغان، بار ۋاقتىدا بوياۋېرىپ مېيىپ قىلىنىدىغان، «ئۆلگەن»دىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇپ، دىمىدە ئىچۈرۈلىدىغان بىچارە.

* * *

باش — ئىشلىگىنى گۆھەرگە، ئىشلىمىگىنى قاپاققا ئوخشايدىغان شەكىلداش نەرسە .

* * *

قاش — ئاياللار ھەر كۈنى قارايتىپ ھارمايدىغان، ئەرلەرنىڭ زادىلا كارى بولمايدىغان نەرسە.

* * *

كۆز — ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئۆزگىنىڭ ئەيىبىنى كۆرىدىغان كۆڭۈل ئەينىكى.

* * *

يۈز — ئەسلىدە ياراتقۇچى بىر قېلىپ ياراتقان بولسىمۇ، بەزىلەر جان بېقىش ئۈچۈن ئىككىگە كۆپەيتىۋالغان نامايەندە.

* * *

بۇرۇن — مەيلى گۈللۈك، مەيلى ھاجەتخانىغا كىرسۇن، دەسلەپتە پۇراقنى توغرا سەزسىمۇ، كېيىن ئاستا-ئاستا سەزگۈسىنى يوقىتىپ، ئاسانلا كۆنۈپ كېتىدىغان بىچارە.

* * *

قۇلاق ــ ئەرلەر ئۈچۈن بىرلا تۆردە خىزمەت قىلسا، ئاياللار ئۈچۈن ئىككى خىل خىزمەت قىلىدىغان ئەڭ سادىق چاكار.

* * *

ئېغىز ــ تاللاپ كىرگۈزۈپ، ئويدىلىماي چىقىرىدىغان بىردىنبىر كۆچمە ئۆتكەل.

* * *

تىل ــ ئەگەر 32 تال قوزۇقنىڭ ئىچىگە بەند قىلىۋېتىلمىگەن بولسا، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ بېشىغا چىقىدىغان تەنتەك.

* * *

گال ــ ئىسمى بىلەن جىسمى زادىلا بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان، ئەگەر ماس كېلىپ قالسا، ئادەمنى يا ئاچلىقتىن، يا توقلۇقتىن ئۆلتۈرىدىغان ئەزا.

* * *

قول ــ پەقەت مايمۇن بىلەن ئادەمگىلا خاس بولغان ئۇنىۋېرسال قورال.

* * *

پۇت ــ ئىشلىمگەن باشنىڭ دەردىنى يېتىپ ئاشقۇچە تارتىپ، قاپىرىپ كېتىدىغان بىچارە.

* * *

ئادەم ــ «دەريا»نىڭ ئۇ قېتىدىكى چاغدا، بۇ قاتقا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان، بۇ قاتتا بولسا ئۇ قاتقا ئۆتۈشنىڭ كويىدا ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىغان، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندە بولسا ، پۇشايمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ئەڭ ئەقىللىك ھەم ئەڭ دۆت بىر مەخلۇق.

* * *

ھاراق ــ ساق ئادەمنى ۋاقىتلىق ساراڭغا ئايلاندۇرىدىغان دورا.

* * *

چاچ ــ چېچى يوقلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا.

* * *

خورەك ــ دىرىژورسىز ئورۇنلانغان مۇزىكا.

# قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ئىشخانا — پاراڭ سېلىش، چاي ئە-
چىش ۋە گېزىت كۆرۈشكە ئەپلىك جاي.

* * *

دوختۇرخانا — گۆركارغا خېرىدار
تونۇشتۇرىدىغان ئورۇن.

* * *

خۇشاللىق — ئامانەتكە قويۇلغان
قايغۇ-ھەسرەتنىڭ ئۆسۈمى.

* * *

قانائەت — توكۇرنىڭ پالەچنى
كۆرگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى.

* * *

ئوبزورچى — ئۆزى چۈشەنمەيدى-
غان ئەسەرلەرنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدى-
غان نۇقتىنەزەرلەر بىلەن باشقىلارغا
چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچى.

* * *

ھەسەت — ئەڭ ئىقتىدارسىز
رىقابەت.

* * *

ئەر-خوتۇن — بىر - بىرىنى زادى
كۆرگۈسى بولمىسىمۇ، كۈندە كۆرۈ-
شۈشكە مەجبۇر بولىدىغان كىشىلەر.

* * *

ئەر — تامىقىنى يەپ بولۇپ قاچى-
سىنى جايىدىن قىمىرلاتماي قويۇپ قو-
يىدىغان ئادەم.

* * *

كەمبەغەل — سوغۇق سۇنى مىنې-
رال سۇ قاتارىدا سېتىشنىمۇ بىلمەيدى-
غان دۆت ئادەم.

* * *

ھۆسن تۈزەش — ئۆزى پۇل چې-
قىرىدىغان، لېكىن باشقىلار زوقلىنىدىغان
سەنئەت.

* * *

ئۆسمۈرلەرنىڭ كىرىشى مەنئىي قى-
لىنىدۇ — قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنى
مەلۇم بىر ئەسەرگە قىزىقتۇرۇش مەق-
سىتىدە ئىشلىتىلگەن ئېلان.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

* * *

ئوغرى — يول يۈرگەندە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدىغان، لېكىن ئۆيگە دائىم خاتا كىرىپ قالىدىغان ئادەم.

* * *

قۇلۇپ — ئوغرىلارنىڭ تېخنىكىسىنى سىنايدىغان ئەسۋاب.

* * *

ئۆي — كىشىلەر ئۆزىنى قاماش ئۈچۈن ياسىغان ئەسلىھە.

* * *

ھايۋانات باغچىسى — ئادەملەرنى يىغىپ ھايۋانلارغا كۆرگەزمە قىلىدىغان ئورۇن.

* * *

خۇرۇم ئاياغ — تېرە پوستىدىن تىكىلگەن ئاياغ.

* * *

ئارخېئولوگ — ئۆمۈرلۈك كەسپىنى خارابىلىك ئۈستىگە قۇرغان كىشى.

* * *

ئائىلە — ئاتا-بالىنىڭ ئارامگاھى، ئاياللارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت مەركىزى.

* * *

توي — غوجايىنىنىڭ قۇلغا ئايلىنىشى.

* * *

دوختۇر — ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى.

* * *

ھاراق — ئۇرۇش-جاڭجالنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

* * *

دۆلەتمەن — تېپىدىغان ئېشەك.

* * *

ئۇيقۇ — كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەيش-ئىشرىتى.

# نەزمىي سۆز ئويۇنلىرى



## ئامراق

ئەزرائىل جانغا ئامراق،
پىت - بۈرگە قانغا ئامراق.

يىگىت قىزغا ئامراق،
تاماق تۇزغا ئامراق.

ناۋاي نانغا ئامراق،
ماتېماتىك سانغا ئامراق.

تېۋىپ ئەمگە ئامراق،
بورداقچى يەمگە ئامراق.

موتورچى تاسمىغا ئامراق،
كېسەل ئاسمىغا ئامراق.

ئىشچان ئىشلەشكە ئامراق،
ھۇرۇن ئۇخلاشقا ئامراق.

غاز- ئۆردەك كۆلگە ئامراق،
رىماتىزم ھۆلگە ئامراق.

چامغۇر ئورىغا ئامراق،
كىگىز بورىغا ئامراق.

قىز-چوكانلار گۈلگە ئامراق،
بېخىل پۇلغا ئامراق.

ئېشەك خوخىغا ئامراق،
تۈلكە توخۇغا ئامراق.

ياغاچچى چوتلاشقا ئامراق،
ساقچى سوتلاشقا ئامراق.

چېۋىن تازغا ئامراق،
گاچا سازغا ئامراق.

چوشقا لايغا ئامراق،
ھۇرۇن سايىغا ئامراق.

ھۇرۇن ئاشقا ئامراق،
تاز چاچقا ئامراق .

دانىشمەن كىتابقا ئامراق،
تېۋىپ بىتاپقا ئامراق.

بوۋاق ئەمچەككە ئامراق،
بېلىق كۆلچەككە ئامراق.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

ھاجەتمەن تاۋاپقا ئامراق،
مۇسۇلمان ساۋابقا ئامراق.

ياش بالىلار كاۋاپقا ئامراق،
سازەندە راۋابقا ئامراق.

بىكارچى پەتىگە ئامراق،
يالغانچى ئەتىگە ئامراق.

ئۆتۈك پىتەككە ئامراق،
ئوچاق كۆتەككە ئامراق.

ئوغۇللار ئايغا ئامراق،
قىزلار بايغا ئامراق.

ئەسكەر ياراغقا ئامراق،
زابوي ھاراققا ئامراق.

سەت خوتۇن مايغا ئامراق،
غۇلجىلىق چايغا ئامراق.

دېھقان يەرگە ئامراق،
قېرى قىز ئەرگە ئامراق.

ئەرزخور ئەرزگە ئامراق،
جەزخور قەرزگە ئامراق.

ئادەم جانغا ئامراق،
پاشا قانغا ئامراق.

ئوقۇغۇچى دەپتەرگە ئامراق،
كەپتەرۋاز كەپتەرگە ئامراق.

قېرى تالقانغا ئامراق،
ئالدامچى يالغانغا ئامراق.

ساختىپەز گوللاشقا ئامراق،
شاتۇتى دوراشقا ئامراق.

تويمىغۇر نەپكە ئامراق،
ئىچى يامان «خەپ»كە ئامراق.

پارىخور تاماغا ئامراق،
ھۆپۈپ كامارغا ئامراق.

ئىشى يوق ئەسنەشكە ئامراق،
بەتنىيەت قەستلەشكە ئامراق.

بۇزۇق خوتۇن دەللىگە ئامراق،
بىلىمسىز سەللىگە ئامراق.

ئۇسسۇلچى داپقا ئامراق،
ئۇستىرا كاپقا ئامراق.

يالغانچى ئەتىگە ئامراق،
موللام پەتىگە ئامراق.

## ئۆچ

بىمار تاماققا ئۆچ،
تالىپ قاۋاققا ئۆچ.

شاگىرت ساۋاققا ئۆچ،
موزدۇز ياماققا ئۆچ.

پىخسىق خوتۇنغا ئۆچ،
كۆمۈرچى ئوتۇنغا ئۆچ.

قاسساپ مايغا ئۆچ،
گاداي بايغا ئۆچ.

ھەشقىپىچەك سايغا ئۆچ،
سۇۋاقچى لايغا ئۆچ.

ئوغرى ئىزغا ئۆچ،
جۇۋان قىزغا ئۆچ.

شىم تىزغا ئۆچ،
مەنمەنچى «بىز»گە ئۆچ.

ئاۋاق قاۋۇلغا ئۆچ،
شەھەرلىك ئاۋۇلغا ئۆچ.

قىزلار ساقالغا ئۆچ،
ئېشەك پاخالغا ئۆچ.

ئادالەت جاھالەتكە ئۆچ،
غۇرۇر ھاقارەتكە ئۆچ.

سۆرەم سۆرەلمەسكە ئۆچ،
ئاقىل كۆرەلمەسكە ئۆچ.

سوپى-ئىشان ناخشىغا ئۆچ،
دوختۇر-تېۋىپ باخشىغا ئۆچ.

جىنايەتچى ساقچىغا ئۆچ،
ئاق كۆڭۈل يالغانچىغا ئۆچ.

سېۋەتچى يەشىككە ئۆچ،
چاشقان مۈشۈككە ئۆچ.

رەسسام ئۆچۈرۈشكە ئۆچ،
مۇئەللىم كۆچۈرۈشكە ئۆچ.

ئىنسابلىق ھارامغا ئۆچ،
بىلىملىك قارامغا ئۆچ.

تېلېۋىزور چاقماققا ئۆچ،
قانۇن-تۈزۈم چاقچاققا ئۆچ.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

ئەل ـ جامائەت نەشىگە ئۆچ.
ئوغرى چاشقان شېشىگە ئۆچ.

قۇياش بۇلۇتقا ئۆچ،
دەرەخ قۇرتقا ئۆچ.

تاكان تارغاق باشقا ئۆچ،
غەيۋەتخور راستقا ئۆچ.

پاشا شامالغا ئۆچ،
توخۇ زاۋالغا ئۆچ.

شەپەرەڭ سەھەرگە ئۆچ،
ھۇرۇن ئېشەك سەپەرگە ئۆچ.

قاغا كەپتەرگە ئۆچ،
ساۋاتسىز دەپتەرگە ئۆچ.

پېخسىق باغاققا ئۆچ،
تاز تارغاققا ئۆچ.

كەپتەۋاز غازغا ئۆچ،
گاس ـ گاچا سازغا ئۆچ.

سەت ئەينەككە ئۆچ،
ساتىراش پاينەككە ئۆچ.

ھۇرۇن ئەمگەككە ئۆچ،
ساختىپەز بەرمەككە ئۆچ.

باي ئۇماچقا ئۆچ،
قېرى قوماچقا ئۆچ.

ساراڭ ھۆرمەتكە ئۆچ،
ھەقىقەت تۆھمەتكە ئۆچ.

خوتۇن بېدىكى بالىغا ئۆچ،
ئەخمەق دېھقان كالىغا ئۆچ.

راستچىل يالغانغا ئۆچ،
پۇقرا ئالۋانغا ئۆچ.

ساپ دىل دۆڭگەشكە ئۆچ،
پاك نىيەت جۆندەشكە ئۆچ.

مۇتتەھەم توغرىغا ئۆچ،
قوغۇنچى ئوغرىغا ئۆچ.

بۇلبۇل چۆلگە ئۆچ،
ئوقۇغۇچى نۆلگە ئۆچ.

سودىگەر قاراقچىغا ئۆچ،
ئەل ـ يۇرت يالاقچىغا ئۆچ.

تويمىغۇر ئىنسابقا ئۆچ،
سوراقچى كاززاپقا ئۆچ.

چېۋىن پالاققا ئۆچ،
نىكاھ تالاققا ئۆچ.

گاچا سالامغا ئۆچ،
ئىنساب ھارامغا ئۆچ.

كېيىك قاپقانغا ئۆچ،
مۆرىمەس چاققانغا ئۆچ.

## خۇمار

بۈركۈت تاغقا خۇمار،
كاككۇك باغقا خۇمار.

پېرىخون داپقا خۇمار،
قاغا تاپقا خۇمار.

پاقا كۆلگە خۇمار،
تورغاي چۆلگە خۇمار.

بۇلبۇل گۈلگە خۇمار،
توخۇ كۈلگە خۇمار.

موللام تۆرگە خۇمار،
گۆركار گۆرگە خۇمار.

لاپچى پوغا خۇمار،
ماختانچاق خوغا خۇمار.

قۇشقاچ قۇرتقا خۇمار،
يىگىت بۇرۇتقا خۇمار.

يامغۇر بۇلۇتقا خۇمار،
داخان دۇرۇتقا خۇمار،

قاش ئوسمىغا خۇمار،
باش پوسمىغا خۇمار.

مىشچان ياشقا خۇمار،
تاز چاچقا خۇمار.

سېمىز ئورۇققا خۇمار،
لەببەيچى بۇيرۇققا خۇمار،

نامرات چورۇققا خۇمار،
قارىغۇ يورۇققا خۇمار.

كېسەل دورىغا خۇمار،
چامغۇر ئورىغا خۇمار.

ئات ـ قېچىر تاقىغا خۇمار،
بىشەم خوتۇن ياقىغا خۇمار.

## كېرەك

ئەركەككە خوتۇن كېرەك،
ئوچاققا ئوتۇن كېرەك.

ئىمامغا مېھراب كېرەك،
ئاقىلغا ئىنساب كېرەك،

ئوۋچىغا ياراغ كېرەك،
قويچىغا تاياق كېرەك،

موزدۇزغا كوۋا كېرەك،
قۇشقاچقا ئۇۋا كېرەك.

خامانغا ئارا كېرەك،
دۇتارغا تارا كېرەك،

تاماققا ماي كېرەك،
ئاچچىققا «هاي» كېرەك،

باخشىغا قوش كېرەك،
ئەسكىگە مۇشت كېرەك،

بېلىققا كۆل كېرەك،
قۇزغۇنغا چۆل كېرەك،

ئۇسسۇلغا داپ كېرەك،
مەدداھقا لاپ كېرەك،

پۇقراغا باش كېرەك،
تۆگمەنگە تاش كېرەك،

ئامبالغا دوغا كېرەك،
دوتەيگە سوۋغا كېرەك.

توختامغا شاهت كېرەك،
هۆكۈمگە پاكىت كېرەك،

دېهقانغا يەر كېرەك،
راهەتكە تەر كېرەك.

ھەجۋىي سۆز ئويۇنى:

## سىز ۋە مەن

سىز گىرانات، مەن بومبا،
مەن كىۋادرات، سىز رومبا.

سىز قوشۇق، مەن ئارا،
مەن گىتار، سىز تارا.

سىز ئاچقۇچ، مەن قۇلۇپ،
مەن يەر شارى، سىز قۇتۇپ.

سىز پەرھات، مەن شىرىن،
مەن ئۆپكە، سىز قىرىن.

سىز يۇپىتېر، مەن مارس،
مەن قۇش زۇكمى، سىز سارس.

سىز پاختا، مەن ماز،
مەن پاخشەك، سىز تاز.

سىز ئامانەت، مەن بانكا،
مەن چۈمۈلە، سىز تانكا.

سىز قولۋاق، مەن قىيىق،
مەن مۈشۈك، سىز ئىيىق.

سىز ئۆستەڭ، مەن ئېرىق،
مەن قوناق، سىز تېرىق.

سىز ھەرپ، مەن خەت،
سىز يېقىمسىز، مەن سەت.

سىز كاناي، مەن مەش،
مەن چۈخەي، سىز كەش.

سىز قازان، مەن ساپلىق،
سىز ئاچچىق، مەن تاتلىق.

سىز گىلەم، مەن بورا،
مەن ئۆرۈك، سىز غورا.

سىز دەپتەر، مەن سومكا،
مەن ھاراق، سىز رومكا.

سىز ئۈزۈم، مەن ساپاق،
مەن ئەما، سىز چاپاق.

سىز پەمدۇر، مەن لازا،
مەن قىسقۇچ، سىز چازا.

سىز قورغان، مەن پوتەي،
مەن ھاكىم، سىز دوتەي.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

سىز خوراز، مەن تاجى،
مەن سۈن ۋۇكۇڭ، سىز باجى.

سىز پادىشاھ، مەن خان،
مەن شىركەت، سىز كان.

سىز تىكەن، مەن شوخا،
مەن ئۆچكە، سىز توخا.

سىز تاپانچا، مەن ئوق،
مەن خالا، سىز پوق.

سىز دىرىزە، مەن كىشەك،
سىز ئوق، مەن مىشەك.

سىز ئىشخانا، مەن ياتاق،
مەن تاۋۇز، سىز شاپاق.

سىز تال، مەن باراڭ،
مەن دەلتە، سىز ساراڭ.

سىز قوشۇق، مەن چۆمۈچ،
مەن دەشقال، سىز كۈمۈش.

سىز بۇلۇت، مەن يامغۇر،
مەن ئورا، سىز چامغۇر.

سىز قەغەز، مەن قەلەم،
مەن يىغا، سىز ئەلەم.

سىز چوغ، مەن كاۋاپ،
مەن زەخمەك، سىز راۋاپ.

مەن سەندەل، سىز بازغان،
مەن يانتاق، سىز ئازغان.

سىز گۈل، مەن بۇلبۇل،
مەن ئات، سىز دۇلدۇل.

سىز چۆپ، مەن چويلا،
مەن ئۆي، سىز ھويلا.

سىز قاغا، مەن كەپتەر،
مەن سومكا، سىز دەپتەر.

سىز شىبغىل، مەن تاش،
مەن كۆز، سىز قاش.

سىز بۇرۇت، مەن ساقال،
مەن تەمسىل، سىز ماقال.

سىز يانچۇق، مەن پۇل،
مەن بويتاق، سىز تۇل.

سىز كىرپىك، مەن كۆز،
سىز لاتا، مەن بۆز.

سىز كالپۇك، مەن تىل،
مەن چاشقان، سىز پىل.

سىز ئالتۇن، مەن كىسەك،
مەن بىگېموت، سىز ئېشەك.

سىز پوسما، مەن ئوسما،
مەن ئارغامچا، سىز تاسما.

سىز ئوچاق، مەن ئوتۇن،
مەن تۇمان، سىز تۈتۈن.

سىز قوغۇن، مەن پىلەك،
مەن ھەلەپ، سىز ئېنەك.

سىز پاكار، مەن ئېگىز،
مەن يىڭنە، سىز بىگىز.

مەن يوتقان، سىز كىگىز،
مەن قىلىن سىز نېپىز.

# تولا

تۆۋەندىكى سۆز ئويۇنى بەك بەلەن،
ئۇنى ئورۇنلىغۇچى دەل مەن.

سۆز ئويۇنۇمنىڭ ئىسمى «تولا»،
مۇشۇنى سۆزلىشۈەتسەم بولا.
سىلى مىنى بىلىشمەيلا،
ئىسمىمنى تونۇشمايلا.

مەن سۆزلىسەم سۆزۈم تولا،
مىنىڭ كۆرگەن ئىشىم تولا.
بىلگەنلەر راستىكەن دەيدۇ،
بىلمىگەنلەر ھەيران قالا.

ئاشپەزدە خورۇچ تولا،
ماشىنىچىدا پۇرۇچ تولا.
ئاقسۇدا گۈرۈچ تولا،
جاق-جاق خوتۇندا ئۇرۇش تولا.

ئەسكى تامدا دەز تولا،
قوتۇر ئۆچكىدە بەز تولا.
ئىنسابلىقتا چاتاق يوق،
قىمارۋازدا قەرز تولا.

دەمدىرىڭدە دەم تولا،
بىرىدىغان يەم تولا.
بالىسى كۆپ ئادەمدە
كۆتۈرۈلمەس غەم تولا.

باشئەگمىدە دەڭ تولا،
يۇققا چىتتا رەڭ تولا.
نەشكەشتە بەڭ تولا،
پەردازچىدا مەڭ تولا.

ئالتاي قويىدا ماي تولا،
قىز بالىلاردا ئاي تولا.
ئىچىۋەتكەن زاماندا،
يىڭى چىققان باي تولا.

جەرەنبۇلاقتا جەرەن تولا،
چۆچەكتە ئايران تولا.
ئالدامچىغا ئالدانماڭ،
ئالدانغان ۋەيران بولا.

تارىمدا يۇلغۇن تولا،
قاغا-قۇش،قۇزغۇن تولا.
ئاق كۆكچى ھەم مايسىخان
قۇمۇلدا قوغۇن تولا.

داۋانچىدا دادۇر تولا،
گۈچۈڭدا گازىر تولا.
ئالمىزارنى بەرپا قىلغان،
ئىلدا سادىر تولا.

كىتابتا چۆچەك تولا،
ياغاچتا پۈچەك تولا.
بىكاردىن ھاراق بەرسە،
مۇشتلىشار لۈكچەك تولا.

يېزىدا ئاۋۇت تولا،
شەھەردە زاۋۇت تولا،
ئىچىۋەتتى كەڭتاشا،
ھەممە يەر ئاۋات بولا.
دەپ كەلسەم گېپىم تولا.

## يامان

ئاتىنىڭ يورغىسى يامان،
چەينەكنىڭ جوغىسى يامان.

خانىنىڭ دوغىسى يامان،
دوستۇڭنىڭ ئوغسى يامان.

ئابدالنىڭ توۋسى يامان،
ئايالنىڭ ئوغرىسى يامان.

دەللالنىڭ كۆزى يامان،
پۇلدارنىڭ يۈزى يامان.

بىدىكىنىڭ سۆزى يامان،
ئېشەكنىڭ بۆزى يامان.

ئوتتۇنچىنىڭ پالتىسى يامان،
قەلەندەرنىڭ خالتىسى يامان.

كۈزنىڭ ھەرسى يامان،
يولنىڭ نېرىسى يامان.

كالىنىڭ تېرىسى يامان،
تۆلكىنىڭ قېرىسى يامان.

## تاللىمايدۇ

كەچ قالغان ياتاق تاللىمايدۇ،
ئاچ قالغان تاماق تاللىمايدۇ.

نامرات خوتۇن تاللىمايدۇ،
تۇل خوتۇن ئوتۇن تاللىمايدۇ.

دۇتارچى سۇناي تاللىمايدۇ،
مۇھەببەت چىراي تاللىمايدۇ.

ھايۋان ئېغىل تاللىمايدۇ،
تۆلكە چىغىر تاللىمايدۇ.

قازان ماي تاللىمايدۇ،
ئۇيقۇ جاي تاللىمايدۇ.

ئىت يالاق تاللىمايدۇ،
باش تۇماق تاللىمايدۇ.

## ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق

ھەسەتخورنىڭ بوۋىسىدىن،
قىمارۋازنىڭ تووۋىسىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئوقى چىقماس مىلتىقتىن،
يىرىم قالغان قىتىقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

نەغمىسى يوق سورۇندىن،
بىكار تەلەپ ھۇرۇندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

بەتنىيەت ئالدامچىدىن،
پىتنىخور چىقىمچىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

زەيلىكنىڭ بەز سىغىزىدىن،
جىدەلخورنىڭ ئىغىزىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

لىڭشىپ تۇرغان كۆتەكتىن،
پۇت قاپارتقان ئۆتەكتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سانىقى يوق ئالۋاندىن،
غەرەز ئۇقماس گالۋاڭدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يەپ تويمىغان پوكاندىن،
سۆزى يالغان چوكاندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئەل قاقشاتقان ئوردىدىن،
پۇراپ قالغان مۇردىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

نازى تولا جۇۋاندىن،
بىسقىمىغان زۇۋاندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سۇدا قالغان ساماندىن،
ئەلگە پەيلى ياماندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تولا ياغقان يامغۇردىن،
توڭلاپ قالغان چامغۇردىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تانا يېگەن بۇغرىدىن،
ئەلگە ئاسىي ئوغرىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆتۈن يانغان مورىدىن،
مەنپەئەت قىلماس دورىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

بېشى قاتتىق سىپىردىن،
ئەمەلدارلىق كىبىردىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قەستلەمچىنىڭ ئوغىسىدىن،
گومنداڭنىڭ دوغىسىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ياماق تۇتماس كىگىزدىن،
يۈرەك ـ باغرى بىگىزدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مىتە چۈشكەن كېپەكتىن،
قولى ئەگرى دېدەكتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مايماق كەتكەن كېسەكتىن،
ھاللاز ئاتقان ئېشەكتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

خۇشامەتچى «قايىل»دىن،
گەپكە كىرمەس جاھىلدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كۆننى توسقان تۇماندىن،
كۆنلەمچى بەتگۇماندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يىغىسى يوق ھازىردىن،
پارا يېگەن قازىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئۇلاغ تۇتماس تاردىن،
ئىمان ساتقان قارىيدىن
ھەزەر ئەيلەپ خالايىق.

ۋاقتى ئۆتكەن تەڭگىدىن،
سوراپ چەككەن بەڭگىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يالغان ـ يالا تۆھمەتتىن،
غەيۋەت باسقان سۆھبەتتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

توختالمىغان تويلۇقتىن،
سۇخەنچى ئوت قۇيرۇقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مۆرەپ تىنماس كالىدىن،
يىغلاپ تىنماس بالىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يەل توختىماس كۆرەكتىن،
ئۇيقۇ بەرمەس خورەكتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يالغانچىنىڭ ئەتىسىدىن،
ئاخۇنۇمنىڭ پەتىسىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

باشقا چۈشكەن سېكىدىن،
قوتان بۇزغان تېكىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىرىمىگەن ئوغۇتتىن،
تەتۈر كەلگەن تۇغۇتتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئاغرىق ـ سىلاق، ۋابادىن،
قوشلاپ كەلگەن بالادىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سىر ساقلىماس قورساقتىن،
گەپ ئاڭلىماس قۇلاقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يۇقۇپ قالغان يالىدىن،
كۆڭۈل ـ كۆكسى ئالىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قىياق باسقان ئېتىزدىن،
تۈزەلمەس شۇم ئېغىزدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

شۇبىرغانلىق جۇدۇندىن،
بەتخەج كۆڭگەن خوتۇندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىرىپ قالغان تانىدىن،
زالىم ئۆگەي ئانىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قاپساپ تاپقان رىزىقتىن،
سىقىپ يالار پىخسىقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كاۋىسى يوق باراڭدىن،
ۋاپا بىلمەس ساراڭدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قاملاشمىغان غەزەلدىن،
ساقايمىغان كېسەلدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مېغىزى يوق چىگىتتىن،
بىلىمى يوق يىگىتتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

نەپ تەگمىگەن خاماندىن،
ئەلگە باقماس زاماندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئىنسابى يوق ئاچ كۆزدىن،
تۇتامى يوق گەپ ـ سۆزدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

# كەلمەيدۇ

ئالدامچى توغرى كەلمەيدۇ،
ياخشى ئادەم ئوغرى كەلمەيدۇ.

ئەل ئوغلىدىن قۇۋلۇق كەلمەيدۇ.
مەردتىن شۇملۇق كەلمەيدۇ.

ياماندىن ۋاپا كەلمەيدۇ،
ياخشىدىن جاپا كەلمەيدۇ.

بىلىم جاپاسىز كەلمەيدۇ،
نەتىجە خاتاسىز كەلمەيدۇ.

توپلەي پىستانسىز كەلمەيدۇ،
سەۋر-تاقەت دەرمانسىز كەلمەيدۇ.

زىبرەك پەمسىز كەلمەيدۇ.
ئىنسان غەمسىز كەلمەيدۇ ،

ئەدەپ-ئەخلاق كىبىرلىك كەلمەيدۇ،
غەيرەتسىز تەدبىرلىك كەلمەيدۇ.

قۇرۇق سۆزدىن بەخت كەلمەيدۇ،
ھۇرۇنغا ۋاقىت كەلمەيدۇ.

ھىممەتلىك ئادەم يامان كەلمەيدۇ،
قۇرۇق خىيالدىن دەرمان كەلمەيدۇ،

شەپقەتسىزدىن ئىناۋەت كەلمەيدۇ.
شەرەپسىز ھۆرمەت كەلمەيدۇ.

ئادالەت يولى تار كەلمەيدۇ،
چىراغ نۇرى قارا كەلمەيدۇ.

ھەسەل ئاچچىق كەلمەيدۇ،
نەسىھەت تاتلىق كەلمەيدۇ.

كۆڭۈللۈك ئىش چالا كەلمەيدۇ.
ھوشيارغا بالا كەلمەيدۇ.

## ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى

(مۇقەددىمە)

قىلدىلەر پەرمان ئۇل سۇلايمانى،
يىغىلىپ كەلدىلەر بارچە ھايۋانى.
ھەممىگە سورۇن قىلدىلەر تايىن،
ئات بىلەن تۆگە تالاشتى ئورۇن.

ئېگىزلىكنى يۇدۇپ يۈرسەن ئېگەرچىمىدىڭ،
چاترىقىڭ قارادۇر، كۆمۈرچىمىدىڭ؟

### تۆگىنىڭ ئاتقا ئېيتقىنى

ئېسىڭدە بولسۇن، ئەي كۆنى قاق،
مەن ساڭا گەپ قىلاي، كېلىپ ماڭا باق.
ئۆتكۈزگىچە سېنى ئۇلۇغ يىنىمغا،
خەنجەر ئۇراي بۇ ئەزىز جانغا.
سەن خارلىقىڭنى ئوبدان بىلسەن،
ئىشىك ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرسەن.
چۈشكىچە مىنسە ھېرىپ قالسەن،
خارۇزارلىقتا قېرىپ قالسەن.
ئورۇقلاپ قالساڭ ھېچكىم باقمايدۇ،
قوڭنى ئۇچاڭغا ھەرگىز ياقمايدۇ.

### ئاتنىڭ تۆگىگە ئېيتقانلىرى

مۇستاپاغا مەن بولغانتىم دۇلدۇل،
يۈگۈرەلمەيسەن تۆگۋاي مېنىڭ بىلەن تەڭ.
ئارغىماق كەلسە ئەگەر بۇ دۇنياغا،
تەڭگە چىقىشماس ئۇنىڭ باھايىغا.
مېنى پادىشاھنىڭ قىز، ئايالى مىنۇر،
شانى شەۋكەت بىلەن خىيالىي مىنۇر.
مەن بولمىسام ئەل پىيادە ماڭۇر.
مەنسىز كارۋانلار تەڭ يولدا قالۇر.
قوش قارىچۇقىدۇر مېنىڭ تۇمىقىم،
مارجاندۇر مېنىڭ تۇۋۇقىم.
يېتىلەيدۇ سېنى چورۇق باغدا،
ۋارقىرايسەن تاياق ئۇرار چاغدا.

چارۋىدارلار سىنى ئوتانغا سالۇر،
ماڭمىساڭ پالتا بىلەن يوتاڭغا سالۇر.
بويۇڭ بىلەن كالىلاڭدا ھوش يوق،
قورسىقىڭدىكى ئون ئالتە زەمبىل پوق.
ھەركۈنى بار سىنىڭ يىگىرمە بەش تايىقىڭ،
چۆل - باياۋاندا قۇرۇپ قالار مايىقىڭ.
ئۇششاق بالىلار سىنى قوغلاپ ئوينايدۇ،
چۆلمۇچۆل دائىم ھەيدەپ ئوينايدۇ.
نەپسى ئۆلەشكەندە مەن يوغان ئالغان،
سەن يۈگۈرەلمەي ساڭا كىچىك قالغان.

خوتۇنۇڭنىمۇ ئەيىپلىيەلمەيسەن،
چۆكۈرۈپ بەرمىسە ئىش قىلالمايسەن.
كاجلىقىڭدىن سىيىسەن ئارقاڭغا،
مىراس بوپ قالدى بالىۋاقاڭغا.

### خاتىمە

ئاتىنىڭ سۆزلىرى كەلدىلەر ماقۇل،
تۆگە ئىنزادا قاچتىلەر بىر يول.
كۈلۈشۈپ كەتتى بارچە ھايۋانى،
ئات ئىنزا قىلدى تۆگىنى خارى.
تۆگىنىڭ قالمىدى گەپكە ئىمكانى،
سورۇننى يىغدى شاھ سۇلايمانى.

## ياراشماس

دۇتارغا سۇناي ياراشماش،
جاھىلغا ئوڭاي ياراشماس.

مانتىغا چامغۇر ياراشماس،
قىشتا يامغۇر ياراشماس.

ئەسكىگە ياخشىلىق ياراشماس،
ياخشىغا ساختىلىق ياراشماس.

ئىشەككە ھەسەل ياراشماس،
كىسەلگە غەزەل ياراشماس.

يولسىزغا ھۆرمەت ياراشماس،
ھېچكىمگە كۈلپەت ياراشماس.

تار ھويلىغا كۆچەت ياراشماس،
قىرىغاندا سۆلەت ياراشماس.

تۆگىگە ھارۋا ياراشماس،
قوتازغا ھالۋا ياراشماس.

تەلۋىگە ئوڭ گەپ ياراشماس،
قەرزدارغا چوڭ گەپ ياراشماس.

ياخشىغا زۇلۇم ياراشماس،
يامانغا رەھىم ياراشماس.

# ھەرپىيەتلىك سۆز ئويۇنلىرى



# تارازىنى توغرا تارتايلى!

ــ باش ھەرپى «ت»غا تايىن تاپقان سۆز ئويۇنى

تارازىكامىنىڭ تارازىسى تۆت توقا، توققۇز توقۇناق، تۆت تۇگۈنچەك، تۆت تاش، تۆت تەخسىدىن تەركىب تاپقان تەڭپۇڭ تارازا. تارازىنىڭ توقۇسىنى تارازىكامىنىڭ تۇغقىنى توختىنىياز توقۇناق تۇگكەن. تارازىنىڭ تەڭپۇڭىنى تارازىكامىنىڭ تەۋەررۇك تەڭتۇشى تاشمەت تۆشىكام تەڭشىگەن. تارازىنىڭ تاش تەخسىسىنى تارازىكامىنىڭ تەخسىچى تۇغقىنى توختاش توختىمەت تاراشلاپ تەڭشىگەن. تارازىنى تەڭشىگەن تۇغقانلار تارازىكامىنىڭ تۆت تەبقە تۇغقانلىرىدۇر. تارازىكام تارازىنى تەڭشىگەندە تۇغقانلىرىغا، تەڭتۇشلىرىغا تەۋسىيە تەرىقىسىدە تەربىيە ـ تەنبىھ تاپىلىدىكى، تارازىدا تاۋىگىزنى، تەنە ـ تاپايىگىزنى تارتماي، تەملىك تاۋۇزىگىزنى، توغاچ ـ تۇرۇپلىرىگىزنى تارتىسىگىز تانابىتەك تەۋرىمەي تۇپتۇز تارتىدۇ.

تارازىنى تەرىپلىشىمدە تۆۋەندىكى توغرا تەلەپنى تىجارەتچىلەرگە تاپىلىماقچىمەن: تەۋەيىمىزدىكى تىجارەتچى تۇغقانلار! تارازا توغرىسىدىكى تەلىماتنى تىڭشىساڭلار، تەمىسلىنىڭ تەرىپ ـ تەربىيەسى تېگى ـ تەكتىدىن توقسان توققۇز تېپىشماقتىن تەس. تارىختا تارقىلىشىچە، توققۇز تارادىكى توختى تارانچىنىڭ تۇغقىنى تالىپ تەرسا تەگرىتېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدە توققۇزنىڭ تۇغقىنى توقسان تەڭگىگە توختىغان تۇرمۇشىنىڭ تارچۇقىدا تەمترەپ، تاشدەك، تاشئېرىق، تازغۇن، تۇزئاۋات، تۇمشۇق تەرەپلەردە تېگىرقاپ، تاپقان ـ تەرگەن تەئەللۇقاتىنى تېرىپ ـ تۆشەپ، تۇرمۇشىنىڭ

# قىزىقارلىق باللار سۆز ئويۇنلىرى

تىرىكچىلىكىدە تىپىرلاپتۇ. توخۇ ـ توشقانىلارنى تۇغدۇرۇپ، تىوخۇ تۇخۇمىلىرىنى تەنزىلەرگە تىزىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە توشۇپ، تۇرپانلىق تۇرسۇن تۆشۆكنىڭ تاماكا ـ تاڭگازىسغا تېگىشىپتۇ. تەدرىجى تىجارەتتە تېخىمۇ تونۇشۇپتۇ. تاپقان ـ تەرگەن تاپاۋىتىنى تېرىپ توپلاپ، تەڭ تالىشىپ، تىجارەتتە تېخىمۇ تەمكىنلىشىپتۇ. توققۇزى تەل تىجارەتچى تۇغقانلار تۆمەن تۆرلۆك تاپاۋەت تەڭگىلىرىنىڭ تاماسىدا تەكەببۇرلىشىپ تارازىنى توغرا تۇتالماپتۇ. تۆمەن تۆرلۆك تىوي ـ تاماشىلاردا، تۆنەكلەردە، تۆرلەرگە تارتۇق تارتىشىپ تەلىينى تەۋەككۆل تاۋكاسغا تاشلاپتۇ. توۋا! تەلەيىنىمۇ تەتۆرلۆكى تۇتقاندا، توقۇنۇشمايدىغان تىجارەت تۆرلىرىنى تاپماق تەسكەن. تۇرمۇشنىڭ تۆرلۆك توسالغۇلىرىغا توقۇنۇشۇپ، توغرا تىجارىتىدىن تېيىپ، تارازىنى توغرا تۇتالمىغاچقا تىجارەتچىلەرنىڭ تاپقان ـ تەرگىنى توزغاقتەك توزۇپ، تاغدەك تەئەللۇقاتىدىنمۇ تۆگىشىپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن تەتۆر تەشۆىقاتلار تەۋەيىمىزگە تېزدىن تاراپ، تۆرلۆك تەنبىھ ـ تەنقىدلەر، تاپا ـ تەنىلەر تىجارەتچىلەرنىڭ تۇمشىقىغا توقماقتەك تەگكىلى تۇرۇپتۇ.

تەۋەيىمىزدىكى تىجارەتچى، تاپاۋەتچى تۇغقانلار! تەمسىلنىڭ تەرىپ ـ تەربىيەسىنى تۇرمۇشۇڭلارغا توغرا تەتبىقلاپ، تىجارەتتە تەئەججۇپلەنمەي، تەشۆىشلەنمەي، تارازا توغرىسىدىكى تۆرلۆك تەكلىپلەرنى توغرا تونۇپ، توغاچ ـ تۇرۇپلارنى، تۆرلۆك تائاملارنى، تاپقان ـ تەرگىنىڭلارنى تارازىدا تارتقاندا توغرا تۇتۇپ تەڭپۇڭ تارتىشىڭلارنى تىلەيمەن.



## بىلىمىڭىز بولمىسا باي بولالمايسىز

—«ب» بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى

بىز بەشتوغراق بازىرىدىكى بارات بوۋاينىڭ بالىسى بەختىيارنىڭ بىلىم بىلەن بېيىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچىمىز.

بارات بوۋاي بۇرۇن بىلىمگە بېرىلمىگەنلىكتىن باي بولالمىغان. بۇنى بىلگەن بارات بوۋاينىڭ بىرىنچى بالىسى بەختىيار بىلىم بولمىسا باي بولالمايدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن بەختىيار باشتىن باشلاپ بىلىمگە بېرىلدى، بىلمىگەنلەرنى باشقىلاردىن بىلىۋالدى.

بەختىيار بىنەمدىكى بۇغدايلىقلارنى بىلىم بىلەن باشقۇرغانلىقتىن، بۇغدىيى باشقىلارنىڭ بۇغدىيىدىن بولۇق بولدى. بۇنى بىلىڭكى، بىلىمىڭىز بولمىسا باي بولالمايسىز.

## قىمارۋازلارنى قاتتىق قامچىلايلى!

— باش ھەرپى «ق»دىن باشلانغان سۆز ئويۇنى

قارىماسىلەر قېرىنداشلىرىم، قۇمئېرىقتىكى قېيۇم قىسماق، قادىر قارانچۇقلارنىڭ قارتا قىمارىغا قاراپلا قاپتىمەن.

قېيۇم قىسماق قىسقىغىنا قارارىدا قادىر قارانچۇقنى قارتا-قىمار قاقاسلىقىدا قىستاپ قوينىدىكى قاپچۇقنى قۇرۇقداپ، قىرىق قەغەزگە قەرز قىلىۋەتتى. قادىر

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

قارانچۇق قاتمۇقات قەرزگە قانائەت قىلماي قىيۇم قىسماقىنىڭ قولىدىكى قاپچۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قەسەمياد قىلىپ، قىمار قىممىتىنى قاتلاشقا قارارلاشتۇرۇپ، قارارىغا قاراملارچە قەدەم قويدى. قېرىشقاندەك قادىر قارانچۇق قىيۇم قىسماققا قايتا - قايتا قەرزگە قاتلىنىپ، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قىمىر قىلالماي قالدى.

قىيۇم قىسماق قادىر قارانچۇقنى قەرزنى قالدۇرماي قايتۇرۇشقا قىستىدى. قادىر قارانچۇق قوۋم - قېرىنداشلىرىنى قەرز قىلىپ، قىمار قەرزىنى قايتۇرۇشقا قەسەم قىلىسمۇ، قىيۇم قىسماق قادىر قارانچۇقنىڭ قەسىمىگە قەستەن قوشۇلماي، قايتا-قايتا قىستاۋەرگەچكە، قادىر قارانچۇق قىمار قەرزىدىن قېچىشقا قەدەم قويدى. قىيۇم قىسماق قىسقىغىنا قاراردا قادىر قارانچۇقنى قوغلاپ قۇچاقلىۋېلىپ، قولىدىكى قەلەمتىرىشىدا قاش - قاپاقلىرىنى قانىتىۋەتتى. قادىر قارانچۇق قۇتۇلۇشقا قادىرسىز قېلىپ، قان قۇسۇپ قازا قىلدى. قادىر قارانچۇقنىڭ قان-قېرىنداشلىرى قىيۇم قىسماقنى قورشىۋېلىپ قاپاقلىرىنى قان قىلىۋەتتى. قىيۇم قىسماقنى قاغدى. قىماردىن قاقشىدى. قىيۇم قىسماق قانخورلۇق قىلىپ قانۇن قەپىسىگە قامالدى.

قېرىنداشلار، قارىمامسىلەر! قىمارۋازلارنىڭ قانلىق قىسمىتىگە. قىمارۋازلىق قانۇنغا قارشى قەبىھ قىلمىشتۇر. قىمارۋازلىق — قارامخورلۇق، قىساسكارلىق، قەلەندەرلىك، قانخورلۇق، قاتىللىق قاتارلىق قەبىھ قىلمىشلارنىڭ قەپىسىدۇر. قىمارۋازلارنىڭ قارنى قاباھەت — قانائەتسىزدۇر.

قان - قېرىنداش قوزىلىرىم، قىمارۋازلاردىن قەتئىي قېچىڭلار! قىماردىن، قىمارۋازلاردىن قاچمىساڭلار، قېرىن - قانىتىڭلار قايرىلىپ، قۇرۇق قاقشالدەك قايرىلىپ قالىسىلەر.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، قىمارۋازلارنى قاتتىق قامچىلايلى! قايتا-قايتا قايىل قىلساقمۇ قانائەت قىلمايدىغان قىمارۋازلار قانۇن قەپىسىگە قامالغۇسى!

# قىيقاس - چۇقان سۆز ئويۇنلىرى



## قىيقاس بېيىتلىرى

مەن بىر ئەر ئىدىم،
بارنى يوق قىلدىغان،
يوقنى بار قىلدىغان.
ئەتىدىن ئاخشامغا
تىكىنىڭ تېشىچە لاي قىلدىغان.
كەسلەنچۈككە
يۈگەن سالماي مىندىغان.
تاغنى كۆتۈرۈپ،
ئوچىدىسىغا ئېلىپ ئۆرىدىغان،
ئوقيانىڭ يايىنى كەرمەي ئاتىدىغان.
قاقشالمۇ قاقشال،
جاھار باغدا باخشال.
توي ئىگىسى نەغمىچىلەرنىڭ بېشىدىن
بىر توپ تاۋار ئۆرۈپتۇ،
ھە! خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!!
پۇلۇنى كۆرۈك، پادىشاھ بولدى،
بەش يۈز ئەسكەرنى باشلاپ، ھە!..
مانتىنى كۆرۈك، ئەلەم بولدى
قالپىقىنى قىرلاپ، ھە..

بەنىشنى كۆرۈك، دورغا بولدى،
قالپىقى قىلدىن يوغان، ھە!..
ھېسىپ قالدى كېيىن مەنسىپى
تايىن بولمىغان، ھە!..
ھە! كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس!

تۇلكە توقماقچىدى،
بۆرە چوماقچىدى،
سېغىزخان خەۋەرچىدى.
قۇيرۇقى يەرىدىدى،
بىر قىزى ئەردېدى،
بىر قىزى مەندېدى.
مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بارىدى،
ئۇنىڭ ئېتى زورىدى،
بىر سىقىم ئۇننى تارتسام،
شامالغا سورىدى.
كېچىسى قوپۇپ جۆيلۈدى،
قورسقى كۆپۈپ ئۆلدى.
قاقشالدا قاقشال
شەلۋەردە قاقشال،

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

ئىككى جۇۋان، بىر يىگىت
ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈلزەپەرگە ئوخشار.
بارىكاللا! قىيقاس!!
ئۈنمىگەن چىغ تۇۋىدىن
تۇغۇلمىغان توشقان چىقتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
ماتىمىغان[①] ئورىغا چۈشتى.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
ھەممە خەقلەر بىر بولۇپ يېۋىدى،
قالدى يەنە تەڭ يارتىسى.
قاقشالمۇ قاقشال،
قاقشال كۆتۈرگەن باخشال.
ئاخۇن بوۋام، ئايلا مومام،
جۇۋاپ[②] ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
سېرىق زەپەر گۈلگە ئوخشار.
قېنى خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

ئېگىز ئورتەڭنىڭ ئوتى
چاچرىغاق بولۇر.
يامان خوتۇننىڭ قىزنى ئالساڭ،
تاتىلىغاق بولۇر.

قاقشالمۇ قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
بىر يىگىت، بىر قىز ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈزەل پەرىگە ئوخشار.
بارىكاللا، خالايىق، قىيقاس!
قەغەز بىلەن قازان ئەتتىم،
ئۇي بېشى پاتتى.
ئوت قالىمىدىم، سۇ قۇيمىدىم،
قايىندى، تاشتى.
كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم،
ئېلىپ ئېپقاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلاشتىم،
بەش تاپان ئاشتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن بىرنى ساپتىمەن،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
سوقمىغان پىچاق بىلەن تارتىپ بوغۇزلىدۇق،
ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن تەڭ سويدۇق.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
يېغى بىلەن يازلىدىم،
گۆشى بىلەن قىشلىدىم.
ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن يېدىم،
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى.

---

① ماتاش ـــ كولاش، بۇ يەردە «كولىمىغان» دېگەن مەنىدە.
② جۇۋاپ ـــ ئىلتىپات قىلىش.

قالغان ياغنى ئۆتۈكۈمگە سۈردۈم.
بىر پارچە كىگىزنى پايتىما قىلدىم،
قېقىراڭ يەرگە چىقىپ ماڭدىم، چۈش بولدى،
ئاڭا قاراپ كۆڭلۈم خۇش بولدى.
قاقشالمۇ قاقشال،
شەرۋەلدە باخشال.
بىر يىگىت، بىر جۇۋاننىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى
گۈل زەپەرگە ئوخشار.
خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

موللامنىڭ موللىسىنىڭ ئىتى
ھىدائىي خېتىپ.
ئېشەكنى ئورىلاپ،
بۇغداينى ئارتتى.
چىلان تورۇق ئىتىنى مىنىپ،
قىز يۇغۇنغا قاچتى.
ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ،
تېرىسىنى چوقۇپ ئىدى،
قۇيمۇچىغا تارتتى،
قاقشالمۇقاقشال،
شەرۋەلدە باخشال.
بارىكاللا، قىيقاس!

مەن بىر ئەر ئىدىم،
قالپىقمنى قىرلىغان.

مۇنۇربەگنى دورىغان،
بىر شىڭ كېپەكنى
بۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان،
قوڭغۇزنى دۆڭگە تارتماي مىنىدىغان.
قاقشالدا قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
ھەممە خالايىق ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈل زەپەرگە ئوخشار.
ھە، يىگىتلەر، قىيقاس!

پاقا تېرەككە چىقتى،
قۇيرۇقى شاختا.
بوز تونغا كىمخاب ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا.
قاقشالمۇقاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
بىر يىگىت بىلەن بىر قىز
ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈلزەپەرگە ئوخشار.
بارىكاللا! قىيقاس!

پاقا جەردىكەن،
قۇيرۇقى يەردىكەن،
ئۇسسۇل ئوينىغانلار تۆردىكەن،
ئوينىمىغانلار يەردىكەن.

جۇۋا كەستىم، جۇۋا كەستىم،
جۇۋىدىن چىقتى پۇرۇچ.
بىر يىگىت، بىر جۇۋان ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
قالغانلارغا نە تۇرۇش؟!
قېنى، كۆپچىلىك، مانا كەتتى، قىيقاس!
ھەلەپ بەردىم ئىنەككە،
ئىدىم سامان سېۋەتكە،
بۇ ئىككىلەن ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
نېچۈك چىداي بۇ دەردكە.
ئالمىنى ئاتتىم، باققالغا ساتتىم،
مەيلىڭلارچە ئويناڭلار.
كۆرەر كۆزۈمنى كۆرمەسكە سېلىپ،
مەن ئۆيگە قايتتىم.
خەير - خوش، خالايىق،
بارىكاللا، قىيقاس!
موللام چىقتى ئۆرۈككە،
كىردى چوماق پۆرۈككە،
چىقمىسدى ئۆزۈككە،
كىرمىسدى پۆرۈككە.
قېنى، بالىلار، بارىكاللا، قىيقاس!

قەشقەرگە ھاكىم بولدۇم،
يەكەنگە تۆرە.
ئەتىگەندە مانتا يېدىم،
ئاخشىمغا پۆرە.

ئۆزۈم موللا بولغان بىلەن،
ئوقۇمىدىم ئۇششاق سۆرە.
بارىكاللا، قىيقاس!

ئالتە پۇڭغا ئۆي ئالدىم،
ئاتمىش سەرگە توقماق،
ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ،
قۇيمۇچىغا سوقماق.
بارىكاللا، قىيقاس!

مەن بىر ئەر ئىدىم،
ئالتە ناننى ھاپ قىلدىغان،
يېمىگەننى شوم قىلدىغان.
يەيدىغاننى يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەيدىغان.
ئىشتىنىمنىڭ پۇچقىنى
مەيدەمگىچە تۈرىدىغان،
كەچكىچە ئون ئىككى جىڭ
كەتمەننى مۆرەمگە سېلىپ،
تېكىنىڭ تېشىچە لاي قىلدىغان.
لاي قىلىپ بولۇپ ئۆيگە كەلسەم
كەلمىگەن مېھمانلار كەپتۇ،
ئۆچكە ئۆلتۈرەي دېسەم چۇپۇرچىلىق،
قوي ئۆلتۈرەي دېسەم ئورۇقچىلىق،
تۆگە ئۆلتۈرەي دېسەم توقچىلىق،

شۇنداقتىمۇ تارتىپ ئېلىپ كېلىپ
بىرنى بوغۇزلىدىم.
تېرىسى ئوتتۇز گەردىشكە داپ بولدى،
مۈڭگۈزى توققۇز كەتمەنگە ساپ بولدى.
گۆشىنى مېھمانلار يەپ بولالماي
كۆپ بولدى.
يەنە قىرىق توققۇز داسقا چوقا
ئاش بولدى.
قاقشالمۇقاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
ئوتتۇردا بىر خېنىم ئۇسسۇل ئويناپتۇ.
چاچلىرى سۇمبۇلدەك،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كىرپىكلىرى بۇغداينىڭ
قىلتىرىقىدەك،
كۆزلىرى قايناپ تۇرغان
بۇلاقتەك،
قاچارلىرى ئاناردەك،
قوللىرى ئەۋرىشىمدەك،
بويلىرى قىرچىن تالدەك.
ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!

قارا قاغا قاراقچى،
ئالا قاغا ئازانچى،
ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار نەغمىچى،
ئوتتۇرىسىدىكىلەر ئۇسسۇلچى،
چۆرىسىدە تۇرغانلار
تاماشا كۆرگۈچى.
يان يەردە ئېرىق بولماس،
قۇم يەردە تېرىق بولماس.
يان يەردە ئېرىق بولسا
سىيرىلغەك بولۇر.
قۇم يەردە تېرىق بولسا
يالغۇزەك بولۇر.
ئايالالار ئوغۇل تۇغسا،
نەغمىچى بولۇر.
قىز تۇغسا ئۇسسۇلچى بولۇر.
ھە!..يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!
مېھمانلار چىقسۇن دۆشكە،
تويدا ئۆلتۈرۈپتۇ ئۆچكە.
ئايالالار كېلىپتۇ ئاسقۇدىكى
لوقىدە گۆشكە،
ئەر كېلىپتۇ قورۇقلا تۆشكە.
ھە!..مېھمانلار، بارىكاللا، قىيقاس!

قېرى يېنىپتۇ يېشىغا،
پوسما كىيىپتۇ بېشىغا،
ئوسما قويۇپتۇ قېشىغا،
مەنمۇ كەلدىم قېشىغا،
بەش يىگىتنىڭ بېشىغا.

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

نەدىن كەلدى ئاچچىقىم،
تېپىۋەردىم بېشىغا.

قاچىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشتى،
ئۆرۈۋەتتى ئىشكىن تېشىغا.
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
بىر جۇۋان ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
قارچىغىدەك سىلكىنىپ،
قارچىغىدەك ئېتىلىپ.
ۋاي! يىگىتلەر، قىيقاس!

باغچىلارغا گۈل تىرىپ،
تۇتۇۋالدىم ھەرىنى،
ياشلىقىمغا پايلىماي
سۆيۈۋالدىم قىرىنى.
ئالتە پاتمان يىغى چىقتى،
چەلپەك ئەتتىم بەرىنى.
چەلپەكنى يەپ بولۇپ
قوڭغا تەپتىم قىرىنى.
قاقشالدا قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال،
قىيقاس!

ۋاككا ـ ۋاككاك ۋاك تاجى،
شەھەرنى ئالغان قونتاجى.
ئالتە پۇڭغا بوغوز ئېلىپ،
يەتتە تۈلۈمغا ساتقان ساۋۇر ھاجى.
يورغا ئاتنىڭ كۆلەڭگىسىگە قارىغان،
مەمتىلى ھوشۇر ھاجى.
ئۇزۇن چاپان چاڭدىخىن،
كالتە چاپان دۇندىخىن.
گەپنى قىلساڭ دودى قىلما
خۇددى ئاغزىڭ زاڭدىخىن،
بۇگۈن بەرگەن قۇيرۇقۇڭدىن،
ئەتىكى ئۆپكەڭ شاڭدىخىن.
قاقشالدا قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال،
قىيقاس!

موللام چىقتى جۇجەمگە،
يۈگۈرۈپ چۈشتى تۈزلەڭگە.
قاشنى ئېتىپ سۆيۈۋالاي
ئۇپا سۈرگەن يۈزۈڭگە،
مىنگىنىم جەدە ئۇلاغ،
تۈگۈرمەننىڭ قوۋۇقى سولاق.

تۆگۈرمەننىڭ قوۋۇقىنى ئاچالمىغان
بىگىسى يوق خوتۇن تالاق.
قاقشالدا قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال،
باركاللا، قىيقاس!

ئاشتۇرۇك، تاشتۇرۇك،
ياخشنى يانداشتۇرۇك.
يامانىنى ئازغاشتۇرۇك،
داپنى چالغاچ تۇرۇك.
ناخشنى ئېيتقاچ تۇرۇك،
ئۇسسۇلنى ئويناپ تۇرۇك،
قىيقاسنى مەن سالغاچ تۇراي،
قېنى، كۆپچىلىك،
باركاللا، قىيقاس!
سازلىرىڭنى ئالساڭچۇ،
داپلىرىڭنى چالساڭچۇ،
ناخشىلىرىڭنى ياڭرىتىپ
قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالساڭچۇ.
يىگىتلەرنى خۇش قىلىپ،
مېنى قىيقاسقا سالساڭچۇ!
... گۈلزەپەر، گۈل قىيقاس!

چىنە چىنداندىن چىقار،
غىدىر خۇمداندىن چىقار.
تاشكۆمۈر تاغدىن چىقار،
جىگىردەك ياغدىن چىقار.
كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقار.
باركاللا، قىيقاس!

تاماكا لەمجىندىن چىقار،
چىنە بەجىندىن چىقار.
قاقشال توغراق نومدىن چىقار،
سۆكسۆك ئوتۇن بايدىن چىقار.
ياخشى يارنىڭ كۆيۈكى
جان تالاشقاندا چىقار.
باركاللا، قىيقاس!

جۇجەملەر پىشىپ قاپتۇ،
تاياق بىلەن قاقايلى.
ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ قاپتۇ،
ھەلەپ بېرىپ باقايلى.
قاقشالمۇ قاقشال
چاھار باغدا باخشال.
ھە، يىگىتلەر! باركاللا، قىيقاس!

كەلمىگەندىن كەلگىنىڭ ياخشى،
يىغلىغىنىڭدىن كۈلگىنىڭ ياخشى،
مەشرەپكە كىلىپ جىم ئولتۇرغاندىن،
سەكرەپ - سەكرەپ ئوينىغان ياخشى..
بولمىسا كەتكىنىڭ ياخشى.
ھە! كۆپچىلىك،
بارىكاللا، قىيقاس!

بىرگىنە موللا كىلىپتۇ خاندۇدىن،
جۇسەي پۇرايدۇ تۆرگە قويغان مانتىدىن.
بۇ گىپىڭ ماڭا ئىغىر تەگدى
سوقا سوققان لانتىدىن،
ئەمدى ھەرگىز يىمەسمەن
جۇسەيدە ئەتكەن مانتىدىن.
ئەتى سايدىن ئوتۇن ئالدۇق
ياخشى تاماق ئىتىشكە.
گايىت موللام ئالدىرايدۇ
ئۆيگە چاققان كىتىشكە.
بۇگۈن ئويناپ مەشرەپ،
ھودۇقتى ئۇ تەمترەپ.
ئۇيالدىمۇ يا خەقلەردىن،
قالدى ئەجەب ئەندىرەپ.
ھە! خالايىق،
بارىكاللا، قىيقاس!!!..



## كۆسەي قاشلىق ۋاپادار

مۆھتەرەم جامائەتلىرىم، ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار دېگەن مانا مەن بولىمەن.

ھازىر ھېكايەمنى باشلايمەن. گەپلەشسەڭلار ئىزىپ كېتىمەن، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭلار قىزىپ كېتىمەن. قۇلىقىڭلار ئەن بولسۇن، چاينىشىڭلار قەنت بولسۇن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ئېشەك ئۆگزە تاتىلىغاندا، خوراز جىرىم غاجىلىغاندا، پايپاقا نال قاققاندا، جاڭگالغا قۇلۇپ سالغاندا، تۇمۇچۇققا مەشرەپ بەرگەندە، ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندا مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئۆتكەنىدى:

مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار تىزا، داچەن دېگەن پاخال نەرخى، ئاق تەڭگە دېگەن سامان نەرخى كۈنلەردە، پۇلنى جىمىتىپ چىقاي دەپ، بازارغا چىقماقچى بولدۇم، شەنبە كۈنلۈكتە تەڭ كېچە بىلەن ئېگىز بوز ھاڭگىغا مىنىپ يولغا چىقتىم، يېتىۋالسا، يۈگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ، يۈگۈرۈپ توختىغىلى ئۇنىمىسا، ئالدىغا سۆرەپ، يەكشەنبە كۈنى ناماز پېشىن ۋاق بىلەن قاراقاشنىڭ بازىرىغا باردىم، بوز ھاڭگىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ رەستىگە چىقتىم. قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ، چوڭ نەزەر بىلەن غادىيىپ كېتىۋاتسام، دوقمۇشتىكى سامسىپەزنىڭ شاگىرتى: «ياغدا پىتى، ياغدا پىشتى، بىرنى يېسەڭ تىنك تۇرىسەن، ئىككىنى يېسەڭ شۈك تۇرىسەن» دەپ توۋلاۋەردى. ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادارنىڭ قورسىقى بەك ئاچمىدىكىن، پۇتلىرىم مەندىن بېرىپ: «كەلسىلە، تۇغقىنىم، كەلسىلە. بىر جىڭ گۆشنى ئوتتۇزغا سالدۇق، بىر چارەك پىيازنى ئۇششاق توغراپ توققۇزغا سالدۇق، تويغۇچە يەۋەرسىلە» دېدى ھەم قاراپ دادامنىڭ تۇغقىنىمكىن دەپتىمەن،

ئوك قوۋۇزۇمغا ئىككىنى، تىلىمنىڭ ئۇستىگە ئىككىنى، ئاستىغا ئىككىنى تىقىپ، قىزىق بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ يەپتىمەن. سامسىپەز ئۇستام ماڭا: «تارتىنماي يەۋەرسىلە» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن، «كېيىن يەنە كېلىپ يەي» دەپ، سامسىخانىدىن چىقتىم، قورسىقىمنىڭ تويغىنىغا خۇشال بولۇپ «ناي - ناي»غا ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتسام، سامسىپەزنىڭ شاگىرتى كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتتى، چېلىشامدىكىن دەپتىمەن، يەم بىلەن بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ - چۆرگىلىتىپ، ئۆزۈم بۇرۇن يىقىلىپ، ئۇنى ئۈستۈمگە يىقىتىپتىمەن. سامسىپەزنىڭ شاگىرتى ئورنىدىن قوپۇپ:

— سىلى يېگەن گۆشگىردىنىڭ پۇلى قېنى؟ — دېۋىدى، ھاڭ - تاڭ قاپتىمەن.

— ۋۇي ئۇكام، مەزەگە قويغان گۆشگىردىگە پۇل ئالامتىڭ؟ — دېسەم، ئۇ:

— ئەخمەقمۇ مەن بازارغا كەلگەنلەرنى مېھمان قىلىدىغان، — دېدى.

— ۋۇي ئۇكام، پۇلدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمگە نەچچە يىل بولغانىدى، يانچۇقۇمدىن ئۆزۈڭ چاغلاپ ئېلىۋالغىنا، — دەپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردۇم. ئۇ يەتتە يانچۇقۇمنىڭ ئون يەتتە يېرىنى تېشىۋېتىپ، ئاران يەتتە پۇل تېپىپتۇ ۋە ماڭا ئۇيدەك ئالىيىپ قاراپ:

— بۇ پۇل يەتمەيدۇ، — دېدى.

— يەنە نەچچە پۇل كەم؟

— ئوتتۇز ئۈچ پۇل.

— ئۇ پۇلۇڭنى يېنىشىمدا بېرىپ كېتەي، خۇدا ئۆمۈر بەرسە سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كېتەي، — دەپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قايتۇرۇۋەتتىم.

شۇ كۈنلەردە كىيىۋالغان ئۆتۈكۈم قالتىس نوچى ئىدى، غىسىلدىغان ئاۋازى بازارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئاڭلىناتتى. قانداقراق ئۆتۈككىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇ ئۆتۈكنىڭ ساقىسى ئىككى غېرىچ، تاقىسى ئۈچ غېرىچ كېلەتتى. ئۆتۈككە توپا قونمىسۇن دەپ، يولنىڭ قاتتىق يېرىدىن كېتىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن پۇتلىرىم سىرتماقتا كىرىپ قالغاندەك قەدەم ئېلىشىم مۈشكۈللىشىپ كەتتى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام، ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلار قاسساپنىڭ

جىلغ - كانارلىرىنى، باققالنىڭ سېۋەتلىرىنى، ناۋايلارنىڭ زىخ - چۇقاللىرىنى ئىلە-
ۋېلىپ سۆرەپ كەپتۇ. بازاردا مۇشۇنداق ماڭغۇلۇق دەپ سۆرەپ تارتىپ كېتىۋەر-
دىم. بىردەمدىن كېيىن قاسساپ، باققال، ناۋايلار كېلىپ بىرى قولۇمغا، بىرى
دولامغا، بىرى پۇتۇمغا ئېسىلىپ، مېنى مىڭ مۇشەققەتتە توختاتتى. ئاندىن زىخ -
چۇقال، جىلغ - سېۋەتلىرىنى پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك ئۆتۈكۈمنىڭ قونچە-
دىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلىرىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتىشتى. مەن ئوغۇل بالا
چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار پايتىمىلىرىمنى تېرىپ تىقىپ، بىر قولۇمدا ئۆتۈكۈمە-
نىڭ ساقىسىدىن يېرىپ تىقىپ، ئۆتۈكۈمنى ياماقچىغا يامىتىپ، بىر پېيىنى قىزىل، بىر
پېيىنى قارا مايلىتىپ، تەۋەككۈلنى ئاللاغا قويۇپ، ئاق ناننى ئۆزۈم يەپ، زاغرا ناد-
نى باللارغا قويۇپ، قېتىق ئىچكەن موللامدەك غىپىلداپ مېڭىۋەردىم، مېڭىپ -
مېڭىپ بىر خىيابانلىققا چىقىپ قالدىم، غېرىبچىلىقتا بىردەم ئارام ئالاي دەپ سارايغا
كىرسەم، بىر لاتا قالپاق بېگىم ئاسمانغا قاراپ ئۆگدىسىغا، بوسۇغىنى توسۇپ توغ-
رىسىغا يېتىۋاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بېگىم، — دېدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كەلدىڭ، ئوغلۇم؟ — دېدى بېگىم.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سېنىڭ مەھەللەڭ نەدە؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا.

— نېمە ئىش قىلاي دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىگە باشلىق بولاي دەپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى بېگىم ئۈيدەك چەكچىيىپ.

— ئۆزلىرىگە باخشى بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ گېپىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم.

— باخشىلىقتىن خەۋىرىڭ بارمىدى، قانداقنى ئوينايسەن؟ — دەپ سورىدى بې-
گىم.

— ئوينىغاندىكىن جىلغ ئالا بوزنى ئويناي، — دېدىم.

— ئەمىسە ئۆيدىكى قونداقتا بەش دانە قارچىغا قوندۇرۇقلۇق، ئۆزۈڭ چاغلاپ

بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئويىنىغىن، — دېدى بېگىم. مەن بەش قارچىغىدىن بىرنى قولۇمە-
غا قوندۇرۇپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قوندۇرۇپ، سوغۇقىقا راسا توڭدۇرۇپ،
«ناي - ناي- ناي» غا ناخشا توۋلاپ، مازارمۇرمازار، بازارمۇبازار مېڭىۋەردىم.
مەن قارچىغىنى قونداققا قوندۇرۇپ قويسام ئولتۇرالمىدى، قورسىقى ئاچقان
ئوخشايدۇ، نېمە يېگۈزسەم بولىدىكىن؟ دەپ ئويلىنىپ، تەكچىگە قارىسام ئىككى ئا-
ياقتا قېتىق تۇرۇپتۇ، قېتىقنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويسام ئىچمىدى. نان چىلاپ بەرسەم
ئىچەمدىكىن، دەپ قوشنىلاردىن خامان ۋاقتىدا بېرىشكە ئىككى ئارپا نېنىنى ئۆتنە
ئالدىم، ئىككىگە تويماسمىكىن دەپ تۆتنى ئالدىم، ناننى قېتىققا چىلاپ ئالدىغا قوي-
سام يەنە يېمىدى. مەن، تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم يېگۈزۈپ قوياي دەپ،
قارچىغىنى ئىككى تىزىمغا قىسىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ، بۈگۈنكى
چاققان جۇۋانلار قوشۇقنىڭ دەستىسىدە ياغلىق ئۈچەي قۇيغاندەك تىققىلى تۇرۇۋۇد-
دىم، بىر ئاياق قېتىق بىلەن ئىككى ئارپا نېنى تۆگىگەندە قارچىغا «غىق» قىلىپ
بىرنى كېكىردى. قورسىقى تويدى، پۇت - قولىغا ماغدۇر كىردى، دەپ ئويلاپ
قونداققا قوندۇرۇپ قويسام، يەنە ئولتۇرالمىدى. لاتا قالپاق بېگىم:
— ئوغۇل بالا چاققان! — دەپ مېنى چاقىردى.
— خوش بېگىم، — دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.
— قارچىغا قېنى؟ — دەپ سورىدى بېگىم.
— سېۋەتكە باستۇرۇپ قويدۇم.
— ھەي ئوغرى، سېۋەتكە باستۇرۇپ قويغىلى ئاناڭنىڭ قاردا قالغان قۇشقىچە-
مىدى ئۇ؟
— يوقسۇ، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ قارچىغىلىرى.
— يۈگۈرگىنە، قارچىغىنى ئېلىپ چىق، — دېدى. مەن كىرسەم قارچىغا قېتىق
قۇسۇپ يېتىپتۇ، تۇمشۇقىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، پالاقلىتىپ - سالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ
چىقتىم.
— ھەي ئوغرى، ئاۋايلاپ ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟ بىر قارچىغا دېگەن نەچ-
چە پۇل؟ مەدىكار دېگەننى، ئەستاغپۇرۇللا..

— بېگىم، قورسىقىنىڭ توقلۇقىغا شوخلۇقى تۇتۇپ كېتىپ باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇنى.

— ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولۇمدىن سىلكىپلا ئالدى. ماڭا ئوبدان باھانە تېپىلدى:

— بۇنداق سىلكىسلە قارچىغا تۆگۆل ئادەممۇ ساق قالمايدۇ، بېگىم. بۇرۇن قىرىق توققۇزى كەم ئەللىك قارچىغا كۆندۈرگەنمەن، بۇنى كۆندۈرسەم ساقمۇساق ئەللىك بولاتتى. قارچىغا دېگەن جېنى نازۇك جانىۋار، سىلكىشلىرىگە چىدىماي ئۆلۈپ قالدىمىكىن دەيمەن.

لاتا قالپاق بېگىم قارچىغىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قاراپ بېقىپ:

— ھەي ئوغرى، قېتىق ئىچۈردۈڭمۇ بۇنىڭغا؟ — دېدى.

— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق ئىچۈرمىدىم.

— ماڭغىنا ئوغرى، قېتىقنى ئېلىپ چىق! — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم. ئەمدىغۇ بالانىڭ چوڭ كاللىسىغا ئۈسىدىغان بولدۇم دەپ قورقتۇم. بوسۇغىدا پۇتلاشقاندەك، كۆزۈم ئەجەب تورلاشقاندەك پالاقشىپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، قېتىقنى تۆكتۈڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم.

— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق قولۇمدا بار ئاياقنى تاپالمايۋاتىمەن.

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ يا؟

— يىقىلىپ چۈشمىدىم، ئورنۇمدىن قوپالمايۋاتىمەن، — دېدىم.

— چاققان ئالدىمغا چىق! — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم. يۈگۈرگىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

— بۇ قارچىغا ئۆلۈپ قاپتۇ، يىراققا تاشلىۋەت، — دېدى بېگىم. قارچىغىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي كاللامغا تەلپەك قىلىپ كىيىپ، راۋابىنىڭ تارىسىنى بوم قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمغا غوم قىلىپ، ياخشى غىزا تاپسام ئاغزىمغا كوم قىلىپ، ئاپتاپلىققا چىقىپ ياتتىم. بىر چاغدا:

— ئوغۇل بالا چاققان، — دەپ قىچقاردى بېگىم.

— خوش، بېگىم، — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

— بىكار يۈرسەك بۇزۇلۇپ كېتىسەن، خىزمىتىڭگە بىر مەدىكار قوشۇپ بېرەي، پاكار ئېشەكتىن بىرنى تۇتۇپ بېرەي، بىر لاچىنىم بار ئاپىرىپ كۆندۈرۈپ كەلگىن، — دېدى بېگىم.

— ئوبدان، شۇنداق قىلاي، بېگىم، — دەپ يولغا چىقتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى خىزمەتچىم:

— ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى بىر نەرسىگە سالغاچ ماڭالا، — دېدى. مەن، بۇ لاچىن كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشايدۇ، يوشۇرۇپ ماڭسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ، ئېشەكنىڭ بىلىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، لاچىننى چاپانىنىڭ يېڭىگە سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، تۆپىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم. خىزمەتچىم ھەيران بولۇپ:

— ئاداش، ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى ئاۋۇ سازلىقتىكى ئۆردەك، قاشقالداقلارغا سالامدىكىن دېسەم، ئاستىلىرىغا باسۇرۇپ ئولتۇردىلا، سىلى لاچىننى كۆندۈرۈشنى بىلمەيدىكەنلا، قايتىپ كەتسىلە، لاچىننى ئۆزۈم كۆندۈرۈپ چىقاي، — دېۋىدى، بۇ گەپ ماڭا خۇشياقتى. مەن ئېشەك بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان لاچىننى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىمگە ياندىم، بېگىمنىڭ تېخىچە كىشىگە كۆرسەتمىگەن موينا جۇۋىسىنى دولامغا غېرىبچە ئارتىپ «ناي - ناي - ناي»غا ناخشا توۋلاپ، قەدەمنى كىچىك بېسىپ، ئالدىرىماي ماڭدىم. مېنىڭ دىلىم قۇلاق ئالىتاغىل دەپ بىر ئېتىم بار ئىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. مەن، يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىلى كەپتۇ دەپ، خۇشال بولدۇم، موينا جۇۋىنى دىلىم قۇلاق تاغىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئىككى بېشىدىن تۆشنى چىڭ تارتىپ قويدۇم. دىلىم قۇلاق ئالىتاغىل جۇۋا بىلەن تالىشىپ، چىشلەپ تارتىپ بەزى يېرىنى باشتەك، بەزى يېرىنى ياپىلاق تاشتەك ئۈزۈپ تاشلاپ مېڭىۋەردى. مەن بىرنىمۇ قويماي تېرىپ يىغىپ لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ئېگەر - توقۇم قويىدىغان ئۆيىگە تۆكۈپ قويدۇم. ئۇخلاپ ياتقان بېگىم مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى:

— ئوبدان چاغدا كەپسەن، ئوغلۇم، بەزگەك بولۇپ قالدىم، ۋاي سوغۇق، موينا جۇۋامنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويغىنا، — دېدى. مەن جۇۋىنىڭ پارچىلىرىنى يۆتى

تەرەپتىن تىزىپ بىلىگە كەلگەندە، بىگىم ئوك يان تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، جوۋا چۇۋۇلۇپ كەتتى، قايتىدىن كاللىسى تەرەپتىن تىزىپ بىلىگە قەدەر يېپىپ قويسام، سول يان تەرىپىگە بىر ئۆرۈلۈۋىدى، جوۋا يەنە چۇۋۇلۇپ كەتتى. بىگىم:

— ۋاي سوغۇق، هوي ئوغرى، جوۋىنى تىزرەك ياپقىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مىدىرلىماي ياتسىلا، بىگىم، بولمىسا جوۋا چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

— چۇۋۇلۇپ كەتكىلى ياۋا قارىسايلىقنىڭ كونا سىۋەتلىرىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ، بىگىم، ئۆزلىرىنىڭ موينا جوۋىسى.

— ماڭغىنا، ئوغرى، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ كۆزىنى ئالايتتى. قورقۇپ قېچىپ تاشقىرىقى دەرۋازىدىمۇ هەرگىز توختىمىدىم، ئۇتتۇرا ئىشكتە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا كەتمەي تۇرىسەن؟

— كېسەللىرى ئېغىركەن، ئۆلۈپ قالسىلا ئىگەكلىرىنى تېڭىشقا لازىم بولارمەن، — دېدىم. ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ، جان تالاشقىلى تۇردى. مەن قاراپ تۇرسام ئەزرائىل مەندىنمۇ سورىماي، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، كۆزۈمگە لىق ياش ئېلىپ، قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك يىغلاپ كەتتىم: «قاراپ تۇرسام مەن، ئۆلۈپ كەتتىڭ سەن، ئۆلسەڭ سەن ئۆلدۈڭ، ماڭا نېمە غەم. ئايىغىڭىزغا بارسام، بېشىڭىز قالدى، بىگىم، بېشىڭىزغا بارسام، ئايىغىڭىز قالدى، بىگىم. خۇدا يارىتىپتۇ تاغ ئارىسىدا بۇ ساينى، قاچانغىچە سىزنى يادلاپ ئىچەلمەي يۈرىمەن چاينى! كىشىنىڭ شەهرىدە غېرىبچىلىقتا قالدىم، سىزدەك گالۋاڭ بىگىمدىن خويمۇ ئوبدان قۇتۇلدۇم. ئاچلىقتىن ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرەت قىلىپ يېتىپسىز، بىگىم، توڭلاپ ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرلەپ كېتىپسىز، بىگىم، ئاھ بىگىم...» مۇشۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم. ئاندىن مەن ئوغۇل بالا چاقىقان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ئىمام بولدۇم، قاناتلىق قارا جامائەتلەر مېهمان بولدى، بىگىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق قىرائەت ئوقۇدۇم:

«ئاللاهۇممە بارىك ئەلا، ياغ ئالدىم دەپ جىگەر بىلەن بۆرەك ئالا، ئاياقۇ قوشۇقۇ قازانۇ تۇۋاق، ياۋا قاراساي، جىگدە قۇدۇق، بىجاقا، ئاق ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم،

سايۋا ھەم مۇناقا، ئات ـ ئېشەك، قوي ـ ئۆچكە، كالايۇ تورپاقا، ئۆرۈك ـ شاپتـۇل، بېھى ـ ئەنجۈر، ئالما ـ ئانار، ياڭاقا... ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، لاتا قالـپاق بىگـمىنىـڭ ياتقان يېرىنى دوزاخنىڭ تۆۋرۈكى يېنىدىن قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر».

## مېنىڭ سۆزلىرىم

خوتەنلىك گەپدان يىگىتتىن بىرى سورۇندا شۇنداق سۆزمەنلىك قىلدى:

— بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ ماكاندا، قىرى خوتۇن ئەردىكەن، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەردىكەن، شۇ چاغدا خەقلەر قومۇشتىن بورا توقۇغان، مەن سىلىنى كۈلدۈرەي دەپ بۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇغان:

هۆپۈپۈپ تېرەككە قونسا سىپىلغا چۈشتى سايىسى،
بايخان تەلپەك ئوغرى تازنىڭ ئايۋانغا چۈشتى سايىسى.
بۇ تازلىنى مەن قوشمايتتىم، تازنىڭ نىمە پايدىسى؟!
بۇ تازلىنىڭ يوقتۇر ئەسلا ياغدىن بۆلەك قايغۇسى.
توختى پاسار ئۇستام ئۆتەك تىكىدۇ تاقىسى ماق[1]،
زۇمرەتشاھ ئۇستام لەۋەي غوجامنى ئۇرۇۋېرىدۇ ۋاق ـ ۋاق.
ئۇرمىسلا ئۇستام دېسەم، ئۇنىمايدۇ ياق ـ ياق!
بارلارغا ئەتە، يوقلارغا پەتە،
بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئوك، كەلمىگەنلەر تەتە.
تۈنۈگۈن يەپتىم پۈچۈق تەكە ، بۈگۈن يېدىم پۈتۈن تەكە[2].

---

① ماق — پەس، ماقچاق.
② تەكە — شاپتۇلنىڭ تۈكسىز بىر تۈرى.

زىۋەرىخان موماي توختى غوجىكامغا بەكمۇ ئەركە،
چوتنى ئەكىلىك دېسەم ئەكىلىپتۇ بىر كونا كەكە.
ھاتتا ـ شاتتا، ھاتتا ـ شاتتا، ھاتتا ـ شاتتا،
مەن ئېتىزدىن ھېرىپ كەلسەم بىزنىڭ خوتۇن بىخارامان ياتا[1].
— ھوي خوتۇن، قوپ ئورنۇڭدىن كۆزلۈككە باش قاتا،
بۇ ھۇرۇنلۇق ئاخىرى بىلمىزگە پاتا،
بىز بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇش قىلساق،
باشقىلار يوتقانغا كىرىپ ياتا.

* * *

ئاتلىمايۇ ئاتلىما، ئېگىز ئېرىقتىن ئاتلىما،
بېرىشىڭغا پوشكال ئەتسۇن، يېنىشىڭغا قاتلىما.
قاتلىما سالغان ئوچاقتا قورسىقىڭنى قاقلىما،
ئىشكايلاڭغا[2] مەن باردىم كۆۋرۈكۈڭدىن ئاتلىماي،
دەردىڭنى تولا تارتتىم ھېچ كىشىگە دادلىماي،
دەردى يوق دەردمەن بىلەن، يېڭى يوق چەكمەن بىلەن،
دەستىسى يوق كەتمەن بىلەن، تەمى يوق لەڭمەن بىلەن.
تارىسى يوق راۋاب بىلەن، زىخى يوق كاۋاپ بىلەن،
ئەسلا خۇشۇم يوقتى مېنىڭ ياكى خۇشۇڭ بارمۇ سېنىڭ؟
قاراڭغۇ تاغدىن دىڭگىپو[3]،
تېرەك، چاقادىن مەزلۇمكو[4]،

① ياتا — «ياتار» دېگەن سۆز. خوتەن شېۋىسىدە كۆپىنچە بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىنكى قۇرلاردىمۇ شۇنداق.

② ئىشكايلاڭغا — ئىشىك ئالدىڭغا.

③④ باش تەرىپىدىكى يەر ناملىرى، كېيىنكىلىرى ئادەم ئىسىملىرى. كېيىنكى قۇرلاردىمۇ شۇنداق.

سابىخۇ كەنتىدىن شاۋاز قاراقچى،
گۇما ـ مۇجا، پىيالمىدىن موللا قاۋۇل ئاياقچى،
ئۆتەڭدىن كېپەك غوجى پەللە، يېڭى باغدىن مۇسا غوجا تەلۋە،
باغلىدىن جېلىل چاپاق، سايباغدىن موللامەت پوخاق،
زاڭگۇيدىن مېھمانباي توپاق، لامۇستىن مۇھەممەت قوقاق،
ئاقسارايدىن پاساۋاي ئاۋاق، داكۇيدىن قاسىم مايماق.
ئېلىپ كەلدىم گۇڭسى يىغلىدى پۈتۈن ئايماق،
مۇشۇ ئاينىڭ ئون ئىككىسى گۇمىغا كېلەرمىش بىر ئامبال،
سوۋغا يىغىپ قويمىساق قوڭدا قالماسمىش تامبال.
بۇ ئامبالنىڭ يېپىشگە نېمە كېرەككىن قېنى؟
مۇشۇ تۇرغان جامائەت ئاڭلاش لازىم ئۇنى.
پاشىنىڭ پاتىڭى، ئۆمۈچۈكنىڭ مېڭىسى،
ئاق قۇمچاقنىڭ يېرىمى، قارا قۇمچاقنىڭ چاۋىسى،
قارا ئىتنىڭ قېنى، سېرىق ئىتنىڭ سىنى،
ئالتە بوغاز قۇمچاق، يەتتە سۇۋاي قۇمچاق.
بۇلارنى پىشۇرۇشقا لازىم بولدۇ،
سەكسەن سەككىز ھارۋا قۇرۇق قۇمچاق،
ئەنە شۇلارنى يىغسۇن دەپ خەۋەرنى بەردىم،
شۇ ماڭغانچە ئوتتۇز كۈندە چولاققا كەلدىم.
چولاقتىن ئاسمانغا چىقىپ يۇلتۇزنى كۆردۈم،
يەرگە چۈشۈپ كۆزۈمنى ئاچسام كۈندۈزنى كۆردۈم.
ئۆلۈك ئېشەكنىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى،
قوش چولاقنىڭ سېپىدا كۆردۈم.
بىر تال تېرىقتا يەتمىش يەردىن ئۈشكە قويغىنىنى،
ئابدۇللا موللامنىڭ ئۆيىدە كۆردۈم.
كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىۋەتمىسۇن دەپ،

قۇمچاقنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويغىنىنى كۇيىدا[1] كۆردۇم.
ئېشەكنىڭ ئېغىلغا زەدىۋال تۇتۇپ، چۈنىغا مەشرەپ بەرگەننى،
پوسكىنىڭ ئايغىدىكى بىر مەھەللىدە كۆردۇم.

* * *

كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بولۇپ توپاق ئالدىم ئاي بېشىدا،
ئون تۆت پۇللۇق باغلانجى توپاقنىڭ بېشىدا،
توپاقنىڭ ئىگىسى توۋلاۋېرىدۇ ھېسابنىڭ تېشىدا.
پۇلنى بەرمەمدىكىن ئەنجانلىق موللىنىڭ قېشىدا.
توپىقىمنىڭ ئېتى توپتەك، قورساقلىرى ھوپتەك،
قوشقا سالسام ماڭمايدۇ، قولۇمدا تايىقىم يوقتەك،
بۇ توپاقتىن رايىم يېنىپ كەتتى ئېچىپ كەتكەن پوقتەك.
ئاچچىقىم كېلىپ ساتقىلى ئەكىردىم بازارغا،
گۇمىلىقلار ئولىشىۋالدى ئۇ يەردە چا توپاق يوقتەك.
ئۇمۇ خېرىدا بولدى، بۇمۇ خېرىدار بولدى،
بىر پۇلى كەم ئۈچ تەڭگىگە سېتىپ،
قانداق قىلىمەن ئەمدى دەپ باشلىرىم تاشتەك قېتىپ.
ئۆيگە چىقسام بىزنىڭ مەزلۇم ئېتىپتۇ بىر قازان ئاش.
ئاشنى ئىچسەم چىشىمنىڭ تۈۋىگە پېتىۋالدى ئىككى تال ماش،
چىشىمنى كولاپ بازارغا بارسام ماڭا چوكانلار ئاتتى قاش،
— مەن بىر يېتىم مۇساپىر جېنىمغىنا قەلەم قاش،
دېسەم، سۆزلەپ كەتتى: ماڭە ئۆتۈپ بار سولاش.
قەلەم قاشنىڭ دەردىدە بولۇپ قالدىم بەك ياۋاش.
ئەپنى تاپسام ئاتارمەن يەتمىش ئىككى سوقا تاش.

① كۇيا — يەر نامى.

دەپ ئۇنى ئۇيانغا، ئۆزۈمنى بۇيانغا ھەيدىۋېتىپ.
بىر كاساڭ شەربەتكە ئون توققۇز يىرىم زاغرىنى چىلاپ،
قورسىقىمنى بىر ھەپتە ئاچماسلىققا ئەيلىۋېتىپ،
چوڭ چىلىمدا نەشە تارتىپ تۆت تەرەپكە لەيلىۋېتىپ.
پەس ئېرىقنىڭ ئۈستى بىلەن، ئېگىز ئېرىقنىڭ ئاستى بىلەن،
ئەگرى سۆگەتنىڭ تۈۋى بىلەن، چوڭ بازارنىڭ يولى بىلەن،
كېتىپ بارسام بىر يەردە كۆرۈپ قالدىم باخشىنى،
دەردى جىق مەجنۇن ساراڭدەك ئوقۇپ كەتتىم ناخشىنى.
ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلىدە،
قوغۇن تېرىدىم پىلەكلىرى تۈز،
يېڭىباچە سويما چۈشۈپتۇ،
سەن خېنىم كىپ ئۆزۈڭ چاغلاپ ئۈز.
قانچە ئۈزسەڭ خىللاپ ئۈز،
ھەرگىز مەندىن ئۆرۈمە يۈز.
ئالتۇندا باغ ئەتتىم، لەئلىدە كۆز،
مېنىڭ كىيگەنلىرىم پاختەك سىماۋى،
سېنىڭ منگەنلىرىڭ دۈلدۈللاغايلا،
مېنىڭ منگەنلىرىم بوز ھاڭگى تەخە،
بوز ھاڭگى تەخەنى مىنىپ چاقارغا بارسام،
چاقارنىڭ خەقلىرى پولشاڭدىغايلا.
ئۇ يەردىن مەن قېچىپ، ئېتىزىڭدىن باش تىرىپ،
ئۆيۈمگە ئەكىرسەم توقماقلىغايلا،
ياغىچاقا① ئاپىرىپ دارا قىلغايلا.
نوغۇچقا كىرگەندە شاراقلىغايلا،
قازانغا كىرگەندە ۋاراقلىغايلا.

① يارغۇنچاق ــ قول بىلەن چۆرگىلىتىدىغان ئېپتىدائىي تۈگمەن.

ئېغىزغا كىرگەندە خالاپىلغايلا.
قورساققا كىرگەندە تاراقلىغايلا،
ئارقىغا چىققاندا ۋاتاقلىغايلا.
مېنىڭ گەپلىرىم مۇشۇ جايدا تامام بولدى،
گەپلىرىمنىڭ بەزىسى ياخشى، بەزىسى يامان بولدى،
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىلىرىگە ئارام بولدى،
ھەممە جامائەتكە قۇربانىنىياز ئۇستا ئىمام بولدى.
يامان گەپلىرىمنىڭ نەزىرىسىگە جاغال ئۆچكىنى ئۆلتۈرىمەن،
ياخشى گېپىمنىڭ بېشىغا بىسمىللانى كەلتۈرىمەن.
ئۆچكەمنىڭ تېرىسىدە بىر دانە داپ بولدى،
چۇپۇرلىرىدا ئونمىڭ پاتمان ئاش پاتقۇدەك قاپ بولدى.
باياتىن بېرى قىلغان گەپلىرىم ھەممىلىرىگە تازا باب بولدى.

## داستىخان مەيداندىكى جەڭ

بۇرۇنىسىنىڭ بۇرۇنىسىدا، قۇشقاچ تۆگىنىڭ لوككىسىدا، تورغاي قوينىڭ دۇمبە-سىدە ئۇۋۇلايدىغان چاغدا، ھەزرىتى تائام تۆرەم ئۆزىنىڭ سېخىي ـ خالىس نىيەت ۋە ئىقباللىرى بىلەن ئىنسانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا بىر سورۇن ھا-زىرلىدى.

سورۇن ئەھلى ئالدى بىلەن قەدىناس دوستى قازان ئاغىچىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئارزۇلۇق قىزى چۆچۈرە خېنىم ۋە قوشنىسى سىنچاي خېنىملارنىڭ داستىخان مەيدا-نىغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشىنى، خىزمەتكار ـ مۇلازىملاردىن:

# قىزقارلىق باللار سۆز ئويۇنلرى

چنه ـ چەينەك، چۆگۆن، قاچا ـ قومۇچ،
ئاشتاختا، سۇپۇرا، خەپمەش، نوغۇچ،
ئەنبەل، تاختا، دۆشە، پوزا،
قوشۇق، تاۋاق، چوكا ـ كويزا،
داس، چېلەك، قاپاق سوغا،
ئەك مۇهمى كۇپ ـ كوزا،
ئاپتۇۋا، چىلاپچا، قول يۇغۇچ،
ئاغچا خبنم، قازان ـ قومۇچ، داڭقان يۇغۇچ،
چويلا، كاپكى، چۆمۆچ، كەملگۆچ
پچاق، قڭراق، بلەي، كاپلغۇچلار



نىڭ جىددىي تەييارلىق قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھەزرىتى تونۇر تۆرەمنىڭ تائىپىلىرىدىن ھەمەك يۇمشاق مەزە، قاتلىما قازى باشلىق بارلىق مۇرىتلىرىنىڭ داستىخانغا ۋاقتىدا ھازىر بولۇشىنى جېكىلىدى. شاھى سۇلتان پولۇ تۆرەم ئالاھىدە باغاق ئەۋەتىلىپ تەكلىپ قىلىنغاندىن سىرت، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن مەشھۇر مۇنەججىملەرمۇ ئەۋەتىلدى.

مېھمانلار دېگەن قارارىدا بىر - بىرلەپ يېتىپ كېلىپ، داستىخان مەيدانىغا جەم بولدى.

داستىخان مەيدانىغا ئالدى بىلەن ئاپتۇۋا - چىلاپچا خېنىم نازۇك غاز بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ كىرىپ، ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ، مېھمانلار بىلەن كۆز يېشى قىلىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن «لۆڭگە» دېدەك سوزۇلۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

ئارقىدىن داستىخان ئاغىچا كىرىپ، ھەر خىل گۈللەر بىلەن بېزەكلەنگەن ئېتەكلىرىنى كەڭ يېيىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى.

ئارقىدىن ھەزرىتى تونۇر تۆرەمنىڭ نازۇك ئاغىچىسى ھەمەك يۇمشاق مەزە مەڭزىگە ھەر خىل گۈللەرنى چەكتۈرۈپ، سىيادانىدىن خال قىلىپ، قىزى توقاچ خېنىمنى كۆتۈرۈپ داستىخان مەيدانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئارقىسىدىن تونۇر تۆرەمنىڭ مۆتىۋەللىسى قاتلىما قازى ئاخۇنۇم ئۆز مۇرىتلىرىدىن بولغان زاغرا باتۇر، گىردە، سامسا، گۆشگىردە قاتارلىق لەۋەلەشكەرلىرىنى باشلاپ داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، قىزى توقاچ خېنىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ھەمەك خېنىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، چۈۋۈلۈپ كەتكەن سەللىسىنى تۈزۈشتۈرۈپ ئولتۇردى. ئارقىدىن سىنچاي خېنىم ئاق كۆڭلەك كىيىپ، چېكىسىگە چاي شا-





مىسىدىن گۈللەرنى قىسىپ، پەتنۇس تەختىراۋانىغا ئولتۇرۇپ كىرىپ، داستىخان مەيدانىدىكى مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ لەۋ يېقىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن قازان ئاغىچىنىڭ قىزى چۆچۈرە خېنىم پىننە، يۇمغاق-سۈتتىن ئۇسما قويۇپ، جانان چىنە «نىمچە»لىرىنى كىيىپ، پەتنۇسقا ئولتۇرۇپ، شەھلا كۆزلىرىنى يۇلتۇزدەك پارقىرىتىپ، داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولۇنىڭ قاراپ تەخىرسىزلىك بىلەن ئولتۇرغان مېھمانلار ھەزرىتى تائام تۆرەمنىڭ تائىپىلىرى بىلەن ھال - ئەھۋاللىشىپ، ئۆزئارا مۇڭدىشىپ - سىردىشىپ، بىر - بىرلىرىنىڭ تەرىپلىرىنى قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق زاغرا باتۇر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، رەڭگىرويىغا قاراپمۇ قويمىدى. بىرھازادىن كېيىن، «ۋاي پولۇ تۆرەم يولدا كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ھايال بولماستىن، دېگەندەك شاھى سۇلتان پولۇ «قىزىل چەكمەن»دىن تون كىيىپ، سېرىق مايدا يۈز - كۆزلىرىنى ياغلاپ، ئۇرۇشتا ئولجىغا چۈشكەن باشقا تائىپىلاردىن بولغان ھايۋان، ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلارنىڭ ئەتلىرىدىن ئۆشنىسىگە بولۇشىغا ئارتىپ، پىچاق - شەمشەرلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇپ، لېگەن، تەخسە - تەلەڭگىلەرگە ئولتۇرۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا داستىخان مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىرى سورۇننى بىر ئالدى.

سىنچاي خېنىم يەنە داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، مېھمانلارنىڭ پولۇ تۆرەم بىلەن ئۇزۇنراق ھەمسۆھبەتتە بولۇشىغا ھەمدەم بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا مېھمانلار دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ھەزرىتى تائام تۆرەمنىڭ نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى قىلىپ، ھەزرىتى

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

داستىخان ئاغىچا خېنىمنىڭ مەزھەپ ئېتەكلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ مول بولۇشىنى تىلەشتى، ئارقىدىن ئاپتۇۋا - چىلاپچا خېنىم لۆڭگە دېدىكى بىلەن داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ قوزغىلىشىغا، داستىخان مەيدانىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈلدى، شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، سورۇندا باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا نائىل بولالماي، غېرىبسىنىپ، خورلۇق ھېس قىلىپ، خىجىلچىلىقتىن يۈز - كۆزلىرى شالپەردەك قىزارغان، تەڭسىزلىكتىن پوكاندەك ئېسىلىپ، غەزەپتىن يۈز - كۆزلىرى يىرىلىپ كەتكەن زاغرا باتۇر:

— ئى سورۇن ئەھلى! — دەپ نىدا قىلدى، — مەن تونۇر ئاتەشدانى ئۇستىدە، بوران - چاپقۇنلارغا باش ئەگمەي چوڭ بولغان، تەبىئىتىم مۆتىدىل، ئۆزۈم ئاممىباب، كىيگەن تونۇم ئاق، بەزى ھاللاردا (ئالدىراشلىق بىلەن) سېرىق تونمۇ كىيىپ قالىمەن. ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسانلار بىلەن بىللە، ئوتتا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ كەلدىم. ئۇلار مېنىڭ زاتىمدىن ھاسىل قىلىنغان ئۇماچ، يوبدان، كۇمىلاچ، سىقماق قاتارلىق ھەمراھلىرىم بىلەن ئوزۇقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ زاتىمنى بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچكىممۇ زادى ئۆزگەرتەلمىدى. مەئىشەت - مولچىلىق مەزگىلىدە، ئانچە ئېتىبارىم بولمىغان بىلەن، قەھەتچىلىك بولۇپ، باشقا كۈن چۈشكەندە، جانغا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا مەن. تەننەرخىم، سۈپىتىمنىمۇ نىسبەتەن تۆۋەن مۆلچەرلىگەن بىلەن، ئەمما كۈچۈم بار. شۇڭا، ئىنسانلار مېنى «زاغرا باتۇر، بىردەم بولمىسا، كۆزنى ئوينىتار» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئىلگىرى ئىنسانلار ئىش - ھەرىكەتكە ماڭغاندا، سەپەرگە





چىققاندا، مېنى خۇرجۇن - خالتىلىرىغا سېلىپ، بەللىرىگە تۆگۈپ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ ماڭاتتى... مېنىڭ (شىپالىق) ئالاھىدىلىكىم تېخىمۇ روشەنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كەمسىتىلىپ، ئىزا - كۈلپەتلەرگە قالغانلىقىمغا ئىنتايىن ئېچىنىمەن! — دەپ غەزەپ بىلەن داستىخان مەيدانىدىكى كونا رەقىبى — ھەمەك ئاغىچىنىڭ باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇپ، سۇندۇرۇپ، ئۇنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئارقىدىن قاتلىما قازىنى بىر تېپىپ، سەللە - پەللىلىرىنى چۇۋۇۋەتتى. توقاچ خېنىمنى بىر تەستەك بىلەن تۆت پارە قىلىۋەتتى. گۆشگىردە، سامسىلارنى سۈرۈپ - قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇرۇپ - دەسسەپ، يانجىپ، ئىچ - باغرىنى چىقىرىۋەتتى.

داستىخان مەيدانىدىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە داستىخان ئاغىچىنىڭ ئېتەكلىرى قان بىلەن بويىلىپ، مەيدانىنى جەسەت قاپلاپ كەتتى.

جەڭ قىلىپ، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن زاغرا باتۇر «ھاياتلىقتىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقانلار يەنە بارمىدۇ؟» دەپ ئەتراپقا شۇنداق قارىۋىدى، قورقۇنچتىن بىر مېھماننىڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بىر سامسىغا كۆزى چۈشتى. دەرھال بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ، كېكىردىكىدىن بوغۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ئى تونۇر تۆرەمنىڭ بېقىۋالدىلىرى! سەن نېمىلەر ئىلگىرى تۇل خوتۇننىڭ ئوچىقىدا، كىچىك بالىنىڭ يانچۇقىدا، دۆشنىڭ قېشىدا، خەپىمەشنىڭ پېشىدا تۇرۇشاتتىڭ! يېقىندىن بېرى ھەمەك، قاتلىمىلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن بەزى سورۇنلارغا قىستۇرۇلۇپ كىرىۋېلىشىدىغان بولۇشتۇڭ! ئۇستازلىرىڭنىڭ قۇلاقلىرىڭنى تارتىپ يۈز - كۆزلىرىڭگە شاپىلاقلاپ، تاملارغا نىقتاپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ پېتىشمايسەن. شۇڭا، يۈز - كۆزلىرىڭدە داغ، كۆيۈك، يېرىق -

چاقا قاتارلىق ئۇرۇش جاراھەتلىرىنىڭ ئىزى قۇرۇمايدۇ. يەنە كېلىپ، سەۋر - تاقەتلىك يوق، تەنتەكلىك قىلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىشسەن، ھەرقايسىڭدا ئىنساب، يۈز - خاتىر دېگەن نەرسە يوقما؟!..

— خاپا بولمىسىلا زاغرا ئاكا، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، — دېدى سامسا، — ئەيىب يالغۇز بىزدىلا ئەمەس. ئىشنى بۇزغان چۆچۈرە جۇۋان، كۆرگەنلا، ئۇنىڭ مىغبىر ناز - كەرەشمە بىلەن جىلۋە قىلىپ، قاش - قاپاقلىرىنى ئوينىتىپ، مېھمانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغانلىقىنى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى پولۇ دېگەن ئاقساقال، سۈر - ھەيۋە بىلەن داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، تەييار ئولجىدىن نېسىۋە ئالغان گۆش، تۇخۇم، بېھى قاتارلىق لوقمىلارنى پىچاق - شەمشەرلىرى بىلەن پارە - پارە قىلىپ مېھمانلارغا ئۈلەشتۈردى. بۇ ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىغا كىمنىڭ نەزىرى چۈشسۇن دەيلا؟!

داستىخاندىكى قاباھەتلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر - بىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن قارىشىپ، سۈكۈتتە ئولتۇرغان مېھمانلار ئەھلىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ، گېلىنى قىرىپ:

— مۆھتەرەم داستىخان ئەھلى! بىز ھەزرىتى تائام جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ، ئۇلۇغ نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغان بولساقمۇ، دېگەندەك زاغرا پالۋان بىلەن ھېچقايسىمىزنىڭ كارى بولمىغانلىقى بەرھەق. بۇ سەۋەنلىك بىرىنچىدىن، بىز ئىنسانلارنى نەپسى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولسا؛ ئىككىنچىدىن، ھەزرىتى تائام جانابلىرىنىڭ ۋە بەزەن تائىپىلەرنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر سەۋەبكارلىقىدىن بولدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، گۆشگىردە، سامسىلار جۇغىنىڭ كىچىكلىكى، بوي - بەستىنىڭ پاكارلىقى، يۈز - كۆزلىرىدىكى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، بىھۆرمەتلىك قىلىپ، سورۇننىڭ ئىنتىزامىنى بۇزدى. بۇنىڭدىن كېيىن داستىخانلاردا بۈگۈنكىدەك جېدەل - ماجىرا، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن، مەن ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن ھەزرىتى تائام جانابلىرىنىڭ بارلىق تائىپىلىرىگە تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم ئېلان قىلىمەن. ھۆكۈم:

بىرىنچى، ھەزرىتى تائام تۆرەم ئۆزىنىڭ تائىپە - مەزھەپلىرىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، داستىخان ئاغچىنىڭ ئېتەكلىرىنى جاھاننىڭ ئېسىل نازۇ نېمەتلىرى بىلەن تولدۇرسۇن!

# قىزىقارلىق بالىلار سۆز ئويۇنلىرى

ئىككىنچى، ھەزرىتى تائامنىڭ تائىپىلىرىدىن بولغان ھەمەك يۇمشاق مەزە، تو-
قاچ، كاكچا، گىردە، سۇيۇقئاش، چۆچۈرە، پولۇ، سىنچايلارغا ھەرقانداق سورۇندىن
ئورۇن بېرىلسۇن!

ئۈچىنچى، قاتلىما قازىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇرەككەپ، مىجەزى چۇسراق، تولا
ھاللاردا سەللىسى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. سورۇنلاردا ھەمەك ئاغىچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۆزىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇ تەقسىرنى تاماق سورۇنلىرىغا تەك-
لىپ قىلىش - قىلماسلىقنى ئامما ئۆزلىرى ئويلاشسۇن!

تۆتىنچى، گۆشگىردە، سامسىلارنىڭ ئىناقسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق نۇقسانلىرى ئەپۇ
قىلىنسۇن. سورۇنلارغا قاتناشقاندىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تونۇر بېشىدا ئىسسىنىپ تۇر-
سۇن. گىردە بودەك ناۋاينىڭ پەشخۇندىن ئۇزۇلمىسۇن. چۆچۈرە خېنىمنىڭ مەسلىسى-
گە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى نازاكەتلىك ئاغىچا، مېھرى ئىسسىق، قولى تاتلىق، ئامىباب،
ھەرقانداق سورۇنلاردا ماس كېلىدۇ. قېرىندىشى ئۈگرە خېنىم بىلەن ئەپ، بۇ ئىككىي-
لەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تاماق سورۇنى، داستىخانلارغا بىللە بېرىپ ئىنسانلارنىڭ
قارشى ئېلىشىغا نائىل بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بېرى ئۈگرە خېنىمنىڭ مۇبارەك قەدەم-
لىرى قىسقىراپ قالدىمۇ نېمە، بەزى سورۇنلاردىن ئۆزىنى تارتىۋېلىۋاتىدۇ...

چۆچۈرە خېنىمنىڭ ئانا باشقا، دادا بۆلەك تۇگرە دېگەن بىر ھەمشىرىسى بو-
لۇپ، ئۇ بىرەر - بىرەر تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ داستىخىنىدا ئۇچراپ قالات-
تى. يېقىندىن بېرى، ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر موردىن



ئىس چىقىرالايدىغان ھالەتكە يېتىپ، ئاچىسى چۆچۈرە خېمىر بىلەن سورۇن تاللىشىدىغان بوپقاپتۇ. بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە..

چۆچۈرە خېمىرىنىڭ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى سورۇن، داستىخانلاردىن باشقا، خاسىيەتلىك ھېيت، ئايەم، بايرام كۈنلەردىكى تاماق سورۇنلىرىغا ئالاھىدە قاتنىشىش ئىمتىيازى بېرىلسۇن. زاغرا باتۇرنىڭ ئادالەتنى ياقلاش روھىنى مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ كېسەلگە شىپا بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بارا - بارا خەلقئالەمگە بىلىنمەكتە. شۇڭا، ئۇ ئادەتتىكى داستىخان - سورۇنلاردىكى بېكىنمە ھالەتتىن ئىشكنى ئېچىپ سىرتقا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا شەھەر - بازارلارنىڭ ئەڭ ئاۋات جاي - دوقمۇشلىرىدىن ئورۇن بېرىلسۇن!

ئەڭ ئاخىرقى ماددا: تائام ھەزرەتلىرىنىڭ داستىخانغا ھازىر بولغان ۋە ھازىر بولالمىغان بارلىق تائىپىلىرىنى كىشىلەر «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قولى بىلەن تۇتۇپ، ئېغىز دەرۋازىسىدىن كىرگۈزگەندىن كېيىن، « 32 توقماق» بىلەن ئۇرۇپ، سوقۇپ، يانجىپ، كېكىردەك يول قاراۋۇللىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ، ئاشقازاندا بىر كېچە - كۈندۈز ھاردۇقىنى ئالدۇرۇپ، ئۈچەي يوللىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ئارقا دەرۋازىدىن ۋارقىرىتىپ چىقىرىپ، خالا گۈندىپايىغا تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن!

**قوشۇمچە ئىزاھات:**

بۇ ماددىدا تائام ھەزرەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كاتتا سورۇنغا داخىل بولالمىغان يوبىدان، ئۇماچ، مانتا، چۆپ، شويلا.. قاتارلىق تائىپىلىرى ۋە ھازىرغىچە ئىسمى ئاتالمىغان جىسمى ھازىر بولالمىغان، بۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ پەيدا بولىدىغان نەۋرە - چەۋرە، ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلىنىدۇ.

ناۋادا، تائام تائىپىلىرىدىن مەلۇملىرى ھۆكۈمگە بويسۇنماي قارشىلىق قىلىپ، ئاشقازان ياكى ئۈچەي يوللىرىدا قەستەن توسالغۇ پەيدا قىلسا ۋە ياكى ئۆزئارا پىتنىشماي جېدەل - ماجىرا قىلىپ، ئىنسانلارنى بىئارام قىلسا، ئىجرائىي مەھكىمىنىڭ «سىركە» دورغىلىرى جىددىي تەدبىر قوللانسۇن!

# كېكىردەك لەشكىرى بىلەن تائام لەشكىرىنىڭ جېڭى

ئانداق رىۋايەت قىلىپتۇركى، ئىبنى شاكىر دېگەننىڭ زامانىسىدا، كېكىردەك لەشكىرى بىلەن تائام لەشكىرى جەڭ قىلماق بولدى. بۇ ۋاقىتتا پولۇ پادىشاھ، ئۆپكە پالۋان، مانتا قازى، چۆچۈرە چەپبېگى، جىڭموما دوپبېگى، لەڭمەن يايى، قاتلىما شەيخۇلئىسلام، توغاچ يوسۇل، چوۋات مۇنەججىملەر بىر جايغا كېلىپ باش قوشۇپ كېكىردەك لەشكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى. توغاچ يوسۇل بىلەن چوۋات مۇنەججىم: «مۇبادا كېكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كەڭ يەرلىرىنى قىستاپ، تار يەرلىرىنى نىقتاپ، قامچىسىنى نابۇت قىلىۋېتەرمىز» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى بىلدۈرۈشتى. بۇلارنىڭ مۇنداق غەيرەتلىك پالۋانلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان پولۇ پادىشاھتا زور ئىشەنچ پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىمى تائام لەشكەرلىرىنى سەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزى جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېلىپ تۇردى. بۇ چاغدا نوقۇت قورۇقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، بىزلەر ناھايىتى خىرامان تۇرۇۋېتىمىز. بىزدە بىرئاز جەڭ تەرەددۇتى بولمىسا، كېكىردەك لەشكەرلىرى كېلىپ بىزنى نابۇت قىلىۋەتمەسۇن، — دېدى. پولۇ پادىشاھ باش لىڭشىتىپ:

— ھەي نوقۇت قورۇقچى، ئاۋۇ كۆرۈنگەن چوققىنىڭ بېشىغا چىقىپ قاراپ تۇرغىن، ئەگەر كېكىردەك لەشكەرلىرىنىڭ بارانىنى كۆرسەڭ بىزلەرگە دەرمەھەل خەۋەر قىلغىن، — دېدى.

«خوپ!» دەپ نوقۇت قورۇقچى چوققىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. نوقۇت قورۇقچى چوققىغا چىقىپ بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كېكىردەك لەشكەرلىرىنىڭ نەرە تارتىپ، تۇغ - تۇمانلىرىنى قاينىتىپ، ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆ-

رۇپ، بۇ خەۋەرنى دەرھال پولۇ پادىشاھقا ئېيتتى. پولۇ پادىشاھ جىمى تائام لەش-كەرلىرىنى سەپ تۇرغۇزۇپ، قەلئەئىي لىگەنگە بەتلىنىپ، گۆشنى ئۆزىگە سىپەر قە-لىپ، جەڭنىڭ ئالدىنقى سەپ مەيدانىغا كىرىپ تۇردى. كېكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، شۇنداق قاتتىق جەڭ بولۇپ كەتتىكى، گوياكى قوتاندىكى قويغا بۆرە تەگ-كەندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. ئەيىۇھەنناس! ئەلمىساقتىن بېرى ئا-دەم پەرزەنتى مۇنداق كەسكىن جەڭنى كۆرگىنى يوق. چاشگاھ ۋاقتى بىلەن باشلانـ-غان جەڭ ناماز دىگەر بىلەن ئاخىرلاشتى. ناھايەت كېكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، پولۇ پادىشاھنى يەسىر ئەيلىدى. ئاندىن كېيىن بېشىغا دەستۇر ئورىغان، ئۇ-زۇن پەرىجە كىيىپ بېلىنى چىڭ باغلىغان مانتا قازى غەزەپ بىلەن قىلىچ، نەيزىلىرى-نى ئوينىتىپ قەلئەئىي لىگەنگە بەتلىنىپ تۇرغانىدى، كېكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، مانتا قازىنىمۇ نابۇت قىلدى. بۇ جەڭدىن كېيىن جىڭموما دوپپىگى، لەڭمەن يايى، قاتلىما شەيخۇلئىسلاملار قەلئەئىي لىگەنگە چىقىپ تۇرۇۋېدى، ئۇلارنى ھەم نا-بۇت قىلدى. ئاندىن كېيىن شۇنداق بىر نەرسە چىقىپ كەلدىكى، قارىغۇدەك بولسا جەببى - جوشلىرىنى، گازا، قالپاقلىرىنى كىيگەن بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ كېيىنىشى ئىنچام ھەم سانى نۇرغۇن ئىدى. بۇ كىمدۇر دېسە، چۆچۈرە چەپبېگى، دەپ جاۋاب بەردى نوقۇت قورۇقچى. كېكىردەك لەشكەرلىرى ھەربىر تىنىق ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ بىرنى دېگۈدەك نابۇت قىلدى.



چىقتى قازاندىن بىر تۇمان، باس-تى مەيداننى مانان، قازان قەلئەسى-دىن چىقىپ، يول ئالدى لىگەن قەل-ئەسى تامان. ئۇ كىمدۇر دېسە، ئۇ ئۆپكە پالۋان. ئۆپكە پالۋان ناغرىلىرىنى ئۇرۇپ، كارنايلىرىنى قىقىپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى تار-



تىپ، ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن قەل-
ئەئىي لېگەنگە چىقىپ بەتلەندى.
ئۇنىڭ ھەيۋەت بىلەن كېلىشى مەي-
داننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، كېكىر-
دەك لەشكەرلىرىنى ۋەھىمە ئىچىدە
قالدۇرغانىدى. بىراق، كېكىردەك
لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكۈر
جادا بىلەن قوراللانغان بولۇپ،
ئۆپكە پالۋانىنى ئەمبەل مەيداندا
قورشىۋېلىپ، تۇتقۇن قىلىپ، بىر-
مۇبىر جادىغا بىسىپ، جانلىرىنى
تەنلىرىدىن جۇدا ئەيلىدى. ئاندىن
كېيىنلا گويا ئەجدىھادەك گاھى تۈ-
گۈلۈپ، گاھى سوزۇلۇپ، ئاجايىپ
قالتىس بىر نەرسە قەلئەئىي لېگەنگە
بەتلىنىپ چىقىپ تۇردى. بۇ كىمدۇر
دېسە، ھېسىپ، دەپ جاۋاب بەردى
نوقۇت قورۇقچى. كېكىردەك لەش-
كەرلىرى غالىب كېلىپ، ئۇنى ھەم چېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى.

بىردىنلا جەڭ مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، گۈلدۈرماما گۈل-
دۈرلەپ، يالت - يۇلت چاقماقلار چېقىلىپ، ۋەھىمىلىك سادالار زېمىن كۆكسىنى قاپ-
لىدى. تائام لەشكەرلىرى شۇنداق كۈچلۈك قوشۇن تۈزۈپ، ھەيۋەت بىلەن يېتىپ
كەلدىكى، ناھايىتى يىراقتىنلا ئوق - دورا پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. بۇ كىمدۇر
دېسە، شوچا ئىشتىما بېگى، دەپ جاۋاب بەردى نوقۇت قورۇقچى. شوچا ئىشتىما
بېگى لەشكەرلەرنى پال - پۇل، ۋال - ۋۇل زەبەرجەتتىن كۆز قويغان كىيىملەر بى-
لەن كىيىندۈرگەن بولۇپ، پىنتوزىدىن كەمەر باغلىغان، قۇيرۇق مىيىنى قېيىق، لەڭ-

پۇتلارنى قولۋاق قىلىپ، جاسارۇ، جاسۇەنزىلەردىن ياسالغان پارتلاتقۇچ بومبىلار بىلەن قوراللىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى. لەشكەرلەرنىڭ شەپەقتەك قىزغۇچ تونلىرى قوشۇنغا قالتىس سەلتەنەت بېغىشلىغانىدى. بۇ قېتىم شوچا ئىشتىما بېگى بۇ جەڭگە سەرخىل قوشۇن تەشكىللىگەنىدى.

كېكىردەك لەشكەرلىرى نۇرغۇن جەڭ قىلغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ھارغىنلىق ۋە چارچاش ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ كېكىردەك لەشكەرلىرى تائام لەشكەرلىرىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى لەشكىرىي كۈچىنى توپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمدىلا ھۇجۇمنى باشلىۋىدى، زەبەرجەتتىن كۆز قويغان، قىزغۇچ تون كىيگەن شوچا لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچى كېكىردەك لەشكەرلىرىنى گويا قوقاسقا چۈشكەن يىلاندەك تولغاندۇرۇۋەتتى. پىيادە لەشكەر لازا نەشتەر بىلەن قوراللانغان بولۇپ، كېكىردەك لەشكەرلىرىگە ئالماس نەيزىدەك سانجىلاتتى. كېكىردەك لەشكەرلىرى قاتتىق يۆتەل-گە مۇپتىلا بولۇپ، ئىچى سانجىققا تولۇپ، كۆز چەشمىلىرىدىن سۇلار بۇلدۇقلاپ ئې-قىپ، بەدەنلىرىنى مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى قاپلىغانىدى. كېكىردەك لەش-كەرلىرى بىرئاز چېكىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئون ئىككى بال كۈھقاپ بورىنى چې-قاردى. شوچا ئىشتىما بېگى لەشكەرلىرى تۇرۇپ ئىلگىرىلەپ، تۇرۇپ چېكىنىپ، كې-كىردەك لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋەردى. بىراق، كېكىردەك لەشكەرلىرى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن قاتتىق ھالسىرىغانلىقى ئۈچۈن چېكىندى. گاھى پىنھانە، گاھى ئاشكارا بەتلىنىپ تۇردى. بۇ جەڭنىڭ ۋاقتى بەكمۇ سوزۇلدى. ئەلمە-ساقتىن بىرى ئادەم پەرزەنتى مۇنداق شىددەتلىك ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىرەر جەڭنى ئەسلا كۆرۈپ باققىنى يوق ئىدى.

كېكىردەك لەشكەرلىرى ئوبدان دەم ئېلىپ، ئۆزلىرىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا شۇنداق شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتۈپ شوچا ئىشتىما بېگىنى يەسىر ئەيلىۋەتتى. چۈنكى، كېكىردەك لەشكەرلىرى كۈچلۈك ئىنتىزام، پولاتتەك چىڭ ئىتتى-پاقلاشقان لەشكىرىي كۈچكە، مول بىلىم ۋە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە قو-ماندانلارغا ئىگە ئىدى.

ئاندىن كېيىن بۇ جەڭنىڭ سېپى چۇۋات مۇنەججىمگە يېتىپ كەلدى. چۇۋات مۇ-

نەججىم مۇراجىئەت قىلدىكى: «ھەي يار - بۇرادەرلەر، شۇنچە زەبەردەس قوشۇن تەشكىللىگەن شوچا ئىشتىما بېگىمۇ نابۇت بولدى. مەن يېغىلا كېسەلدىن ساقايغان، تولۇق ماغدۇرۇمغا كېلەلمىدىم. ئەگەردە كېكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ماڭا ئازار بېرىدىغان بولسا، ئۇستىخانلىرىم رىزە - رىزە بولۇپ كېتىدۇ».

توغاچ يوسۇل: «بىز ئىككىمىز ئاغىنە ئىدۇق، بارنى تەڭ يېگەنىدۇق، تونۇر قەلئەسىدە بىللە تاۋلانغانىدۇق. ماڭا بەردىڭ كۆپ بىلىم، ساڭا سادىق ئاق دىلىم. ئەگەر خەۋپ كەلسە ساڭا، ئىتەرگىل دەرمەھەل ماڭا. سېنىڭ يۈكۈڭنى مەن كۆتۈ-رەي، كەلسە رەقىبىڭ ھامان ئۆلتۈرەي. ئاۋۋال مەن ئۆتەي سەپىڭ ئالدىغا، يو-شۇرماي ئۆزۈمنى دالدىغا» دېۋىدى، چوۋات مۇنەججىم توغاچ يوسۇلنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، تىزىلىپ تۇردى. كېكىردەك لەشكەرلىرى شىددەت بىلەن يېتىپ كېلىپ، بىردەمدىلا توغاچ يوسۇلنى يەسىر ئەيلىۋەتتى. چوۋات مۇنەججىم توغاچ يوسۇلنىڭ ئاستىدا ساق - سالامەت قوغدىلىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، كېكىردەك لەشكەرلىرى تائام لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر ئېلىپ ھەيدەشتۈرۈپ، ئۇستىخان دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قورساق زىندانىغا بەند قىلدى.



责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画:阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——马和骆驼的对话
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)